ئومۇمىي 50-سان
2023 ئۆكتەبىر

# ئۇيغۇرلار
# *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




ئەنسىز خىياللارنى تىزگىنلەش

55



كېيىنكى قېتىملىق خىتاي ۋاباسى

67



جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

1

> 1 6 1 0 9 1 4 0 0 8 9 0 0 6


2023 ئۆكتەبىر


ئومۇمىي 50-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.






باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئۆيغىنىش

ئەنسىز خىياللارنى تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي چارىلەر

ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى 25

## خىتاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى قانۇنسىز ساقچى پونكىتلىرى 49

ئامېرىكا بىرلا ۋاقىتتا قانچە سەپتە ئۇرۇش قىلالايدۇ؟ 36

## گۈلىستان

كىتاب ئوقۇش سالامەتلىككە پايدىلىقمۇ؟

## تارىخ ۋە بىز

ئەزەربەيجان ۋە شەرقىي تۈركىستان 84

## كۆڭۈل ۋە تەن

تەمكىن بولۇش ھەققىدە 61

ئۇششاق ئادەتلەرنى بوش چاغلىماڭ 73

## ساغلاملىق


بىز ئىككىنچى قېتىملىق تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسىغا تەييارمۇ؟

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

مۇھەممەتئىمىن غوجام قۇلى ھىرقەتى 95















خىتاي تەتقىقاتى
SPIES
جاسۇسلۇق
AND
ۋە
LIES
يالغانچىلىق
HOW CHINA'S GREATEST COVERT
OPERATIONS FOOLED THE W
'When Alex Joske speaks,
governments need to listen.'
MIKE GALLAGHER,
MEMBER OF US CONGRESS
ئالېكس جوسك
AL
JOSK

# 12 ـ باب: ئايرىلغىلى بولمايدىغان پارتىيە — ترامپ، بايدىن ۋە باشقىلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئادەتتە «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»غا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋە ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا تەۋە نىقاب تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. 2010 ـ يىلى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى CIA نىڭ ئۆز سېپىگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە بۇ ئاپپاراتلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. ئىنگىلىزچە، CIA نىڭ خىتايدا ئاشكارىلانغان ئىستىخبارات مۇلۇكلىرىنىڭ سانى نەچچە ئونغا يېتىدىغان بولۇپ، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە قاتناشقان، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى ئىستىخبارات تورىغا ئەسەبىي ۋە شەپقەتسىز تەرزدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاشكارىلانغان ياكى ئاشكارىلانمىغانلىقىغا جەزم قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتلەرنى قايتىدىن تەلتۆكۈس باھالاپ چىقىشقا ئۇرۇندى.(1) نۇرغۇن نەيرەڭ، مېتود ۋە ۋاكالەتچى جاسۇسلار CIA غا سېتىلغان پېشقەدەم جاسۇسلار (Mole) تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. بۇلار زادى كىملەر؟ بۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا بىر قىسىم پېشقەدەم جاسۇسلارنىڭ يۇقىرى ئورنىنى نەزەردە تۇتقاندا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» گۇمانلىق دەپ قارالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئامېرىكا قاتارلىق خەتەرلىك رايونلاردا ئىنتايىن سەزگۈر ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى قىممىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈنكى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ پەقەت قۇرۇق نامىلا قالدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى CIA نىڭ ئۆز خادىملىرىنى قايسى دەرىجىدە ئىندەككە كەلتۈرگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىلگىرىمۇ، نىقاب تەشكىلاتلارنىڭ رولى ئاللىبۇرۇن تۆۋەنلەشكە باشلىغانىدى. جېڭ بىجيەنىڭ 2007 ـ يىلى ئىستېپا بېرىشى بىلەن — بۇنىڭغا ئۇنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن —، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستىخبارات مۈلكىنى يوقىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.(2) مەزكۇر

مۇنبەر ھېلىھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن خېلى قويۇق ئالاقىنى ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش سۇپىسى سۈپىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆتمۈشتە قالدى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ھېچقاچان جېڭ بىجيەننى قولدىن بەرمىدى. چۈنكى، مەزكۇر مىنىستىرلىق ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ كارغا كېلىدىغان بۇ «يول ئاچقۇچى» ۋە چاكاردىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» جېڭ بىجيەننىڭ ئامېرىكا سەرخىللىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىدىغان قاناللىرىدىن پەقەت بىرىلا بولۇپ، ئۇنىڭ مۇناسىۋەت تورى كېيىن پرېزدېنت ترامپ ۋە بايدىنغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىمۇ ئامېرىكادىكى ئاساسلىق سىياسىيونلارنى مۇرەسسەگە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

## جېڭ بىجيەننىڭ سەھنە ئالماشتۇرۇشى

جېڭ بىجيەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ رەھبەرلىكىدىن ئىستېپا بېرىپ بىرەر يىلمۇ بولماستىن، تۇيۇقسىزلا «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ رەئىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ھالبۇكى، جېڭ بىجيەننىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىگە تاللىنىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى.(3)

جېڭ بىجيەندىن سىرت، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغانىدى. شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ تەشكىلات خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ ئەينى چاغدىكى باش مىنىستىرى بوب خاۋك بىلەن دوستلىشىش ۋە ئۇنى «بېيىتىش» ئۇرۇنۇشىدا ئاۋانگارتلىق رولىنى ئوينىغانىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل، «جەلپكار» سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى يۈ ئېنگۇاڭ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ساختا ئىسمى بىلەن جېڭ بىجيەننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.(4) شۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.(5)

ئەگەر «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» يەنە بىر قېتىملىق سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە تەييارلىنىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نىشانى زادى كىم؟ مەزكۇر ئىنستىتۇت بىر يىل ئىنچىكە تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 2009-يىلى ۋاشىڭتوندىكى «برۇكىڭس ئىنستىتۇتى» بىلەن

بىرلىشىپ، بېيجىڭدىكى دىياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا پاكىز ئېنېرگىيە توغرىسىدا چوڭ كۆلەملىك يىغىن ئۇيۇشتۇردى.

پاكىز ئېنېرگىيە ئارقىلىق كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ھېلىھەم ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى روشەن ھەمكارلىق ساھەسىدەك قىلىدۇ. بۇ ئىككى دۆلەت پارنىك گازلىرىنى قويۇپ بېرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە ساھەسىدىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. خۇددى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» جەھەتتىكى ئورتاق مەنپەئەت بۇش ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا زېمىن ھازىرلىغاندەك، (كىلىمات ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت) بۇ خىل ئورتاق يەرشارىۋى تەھدىتمۇ خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» ئۈچۈن يول ئاچالايتتى. 2008-يىلىدىكى يەرشارىۋى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىن، ئامېرىكا جامائەت پىكرىدە خىتايغا بولغان مايىللىق زور دەرىجىدە ئاشتى. 2008-يىلى خىتايغا قارىتا ياخشى تەسىراتقا ئىگە ئامېرىكالىقلارنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكىدىن 11 پىرسەنت ئېشىپ، ئەللىك پىرسەنتكە يەتتى.(6)

مەزكۇر مۇنبەردىكى ھەر ئىككى تەشكىلات ھۆكۈمەتنىڭ ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشتىراكچىلارنى جەلپ قىلغان بولۇپ، بۇ پەردە ئارقىسىدا تېخىمۇ چوڭ كۈچلەرنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇددى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بوب خاۋك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندەك، قوش تەرەپلىك بۇ ئېنېرگىيە مۇنبىرىمۇ يېڭىدىن ۋەزىپىسىنى باشلىغان ئوباما ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئۈمىدۋار كەيپىيات يارىتىشنىڭ پۇرسىتىدەك قىلاتتى. ئامېرىكا سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنت، دادىل كىلىمات ئۆزگىرىشى ھەرىكىتى پائالىيەتچىسى ئال گورنى (Al Gore)، شۇنداقلا باش ئەلچى جون خانتسمەننى (John Huntsman) مەزكۇر مۇنبەردە سۆز قىلىشقا ئەۋەتتى. سابىق پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى ساندىي بېرگېر (Sandy Berger) كەچلىك زىياپەتتە باش تېما نۇتقى سۆزلىدى. شۇ چاغدىكى دۆلەت سېكرېتارى ھىلارىي كىلىنتون (Hillary Clinton) ۋە ئېنېرگىيە مىنىستىرى ستېفېن چۇ (Stephen Chu) قاتارلىق ئاقساراينىڭ غوللۇق ئەربابلىرى ۋىدىيو ئارقىلىق سۆز قىلدى.(7)

خىتاي كومپارتىيەسىمۇ شۇ قېتىملىق مۇنبەرگە ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قىسىم ئەمەلدارلىرىنى — بولۇپمۇ چەتئەللىكلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ كەلگەنلەرنى — قاتناشتۇردى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن باغلىنىشى بار ئىدى. خىتاينىڭ كېيىنكى باش مىنىستىرى لى كېچياڭ (李克强) مۇنبەردە ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، باش مىنىستىر ۋېن جياباۋ (温家宝) يېپىق يىغىندا يىغىن ئەھلىگە سۆز قىلدى. ھازىر شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان سۆھبەتىنىڭ باش رولچىلىرىدىن بىرى بولغان ليۇ خېمۇ (刘鹤) شۇ قېتىملىق مۇنبەردە سۆز

قىلدى. لىۋ خې خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ ئەزاسى ئىدى. خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خوڭكوڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سابىق ۋالىيسى دوڭ جيەنخۇا (董建华) نۇتۇق سۆزلىدى.(8) خىتايشۇناس پېتىر مەتىس (Peter Mattis) تەرىپىدىن خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدىكى ئاساسلىق «ۋاكالەتچى»لەردىن بىرى دەپ سۈپەتلەنگەن دوڭ جيەنخۇا ئىزچىل ھالدا ئامېرىكادىكى چەتئەل سىياسىي ئاپپاراتلىرىغا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كۆپ پۇل ئىئانە قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان باردى-كەلدىلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەندى.(9)

## جون سورنتون: ۋاستىچى

جېك بىجيەنىنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە مۇنبىرى تېخىمۇ كونكرېت ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يەنى بۇ مۇنبەر ئارقىلىق، برۇكىڭس ئىنىستىتۇتىنىڭ رەئىسى جون سورنتون (John L. Thornton) بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ۋاستىچىغا ئايلاندى. گولدمەن ساكسىنىڭ سابىق قوشماق رەئىسى بولمىش جون سورنتون ئۆز كەسپىي ھاياتىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەتلەرگە مەبلەغ سېلىش ئۈستىگە بەرپا قىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا رەھبەرلىرى بىلەن خىتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم ۋاستىچىگە ئايلانغانىدى. بۇ جەرياندا، ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماستىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى.

1990-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، سورنتون خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىگە مەسئۇل غوللۇق ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى ۋە بۇ ئەمەلدارلار كېيىن خىتاينىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىگە ئايلاندى. شى جىنپىڭنىڭ «چىرىكلەشكەن» سىياسىي رەقىبلىرىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قاراتقان دىپلوماتىيەسىدە يادرولۇق ئورۇنغا ئىگە ۋاڭ چىشەن (王岐山) سورنتوننىڭ ئەڭ كونا ۋە ئەڭ مۇھىم تونۇشلىرىدىن بىرىدۇر.(10) تا بۈگۈنگە قەدەر، سورنتوننىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەتلىرى ئۇنى ئاقساراي بىلەن جوڭنەنخەي ئارىسىدا ئۇچۇر توشۇيدىغان مەخپىي رولغا ئىگە قىلدى.

2003-يىلى كاماندروپكا مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايدا تۇرۇۋاتقان سورنتون كۈتۈلمىگەن تەرزدە گولدمەن ساكس شىركىتىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ تاراتقۇلارغا ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى داڭلىق چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسورلۇق قىلىپ، بۇ يەردە رەھبەر تەربىيەلەش پروگراممىسىغا

يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سورنتون گولدمەن ساكس شىركىتىنىڭ قوشماق رەئىسلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، ئۇ مەزكۇر شىركەتتە كەسپىي غايىسىنىڭ تولىمۇ يۈكسەكلىكى بىلەن تونۇلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولۇشىدىن ئاساسەن ئۈمىد يوق ئىدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە يانداشقان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ھەرقانداق مەبلەغ سېلىش بانكىسىنىڭ لىدېرلىقىدىن بەكرەك جەلپكار ئىدى.(11)

سورنتون داۋاملىق گولدمەن ساكس شىركىتىگە خىتايغا ئالاقىدار مەسلىلەردە مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى يۆت تىرەپ تۇرغۇدەك يېڭى ئاپپاراتىنىمۇ تېپىۋالغانىدى. ئۇ بىرۇكىڭس ئىنستىتۇتى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تاللىنىپ، ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭدار ئاقىللاردىن ئامبىرىدىن بىرى بولغان بۇ ئاپپاراتنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇلىغا ئايلاندى. بىرۇكىڭس ئىنستىتۇتى دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغان ئاپپارات ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ «خىتاي پروگراممىسى»غا ــ مەزكۇر پروگراما ھازىر «جون سورنتون خىتاي مەركىزى» دەپ ئاتىلىدۇ ــ 12 مىليون 500 مىڭ دوللار ئىئانە قىلدى.(12) سورنتون يەنە يېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئالاھىدە مەسلىھەتچىسىمۇ بولغان.(13) بىرۇكىڭس ئىنستىتۇتى ئامېرىكادىكى باشقا غوللۇق چەتئەل سىياستى ئاپپاراتلىرىغا ئوخشاش ئاللىقاچان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا باشلىغان، شۇنداقلا جېك بىجيەنى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى كۆتۈۋالغانىدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا جېك بىجيەن بىلەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزلىرىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىنى تاماشىبىنلىرىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇپ سىناق قىلىۋاتاتتى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ سەرخىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دەرھال سورنتوننىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ تەشكىلات مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە قارايتتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋنىڭ يېقىنى ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ يېڭىچە ئىدىيەگە ئىگە خادىملىرى، ئىسلاھاتپەرۋەر كۆنتەرتىپى، شۇنداقلا ئۆزگىچە لىبېرال مۇھىتى بار ئىدى. شۇنداقلا، بۇ تەشكىلاتتىكىلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ھەققىدە سۆز قىلىشتىن قاچمايدىغان بولۇپ، بۇ خىتايدىكى ئاقىللار ئامبارلىرى ئۆزىدە ھازىرلىمىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر. بۇلار سورنتونغا ئوخشاش «ياتلار»نى پارتىيەنىڭ يادرولۇق قاتلىمىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، سورنتون ئۆزىنىڭ بانكىرلىق ھاياتىدا دەل مۇشۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا مايىل ئىدى.

سورنتون ناھايىتى تېزلا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ئۆزىنىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋەزىپىسى سەۋەبىلىك، پات-پاتلا بېيجىڭغا بېرىپ تۇراتتى. سورنتون «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، جېك بىجيەن شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەمنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە تارتىدىغان كىشى ئىدى. لېكىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

لىن دى سورنتون بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلارنىڭ كەم دېگەندە ئۈچىگە قاتناشقانىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يەنە بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاڭ شۆجۈنمۇ (Wang Xuejun) بۇ يىغىنلارنىڭ نۇرغۇنىغا قاتناشقانىدى.(14) سورنتون يەنە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» تېمىسىدىكى بوئاۋ مۇنبىرى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغىمۇ قاتناشقان ۋە سۆز قىلغانىدى.(15)

سورنتون 2000ـ يىللاردا ئۆز سۆھبەتداشلىرى ئارىسىدىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يوشۇرۇن خادىملىرى ئارقىلىق تەدرىجىي هالدا ــ ئاخباراتچى جوش روگىنىنىڭ (Josh Rogin) تەبىرىدىكى ــ «خىتاي كومپارتىيەسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان تائىپە بىلەن بولغان ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقە تورلىرىدىن بىرى»نى ئورناتتى.(16) سورنتون خىتايدا بارغانسېرى كۆپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغانسېرى، ئۆزگە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر توپلاش پۇرستى بېرىلگەندەك هېس قىلىشقا باشلىغان. «خىتاي ئىسلاهات مۇنبىرى» ئىلگىرى بىر مەهەل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە، نۇرغۇنلىغان دۇنيا رەهبەرلىرىنى ۋە سىياسىي ئاقساقاللارنى ئۆزىنىڭ مەسلىهەتچىسى دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن تەستىق ئېلىنماستىنلا، بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، لى گۋاڭياۋ ۋە هىلارىي كىلىنتونغا ئوخشاش كىشىلەر جېك بىجىيەنىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىر-ئىككى قېتىملا يۈز كۆرۈشۈپ باققاندىن سىرت، بۇ تەشكىلاتقا ئالاقىدار هېچبىر ئىش قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، جون سورنتون بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇنىڭ توردىكى بەزى تەرجىمىهالىرىدا («خىتاي ئىسلاهات مۇنبىرى»نىڭ مەسلىهەتچىسى دېگەن) بۇ نام تىلغا ئېلىنغان.(17)

سورنتون يەنە خىتاينىڭ دۆلەتلىك بايلىق فوندىنىڭ (sovereign wealth fund)، شۇنداقلا خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تەسىر كۆرستىشنى مەقسەت قىلغان «كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى»نىڭ مەسلىهەتچىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ قوبۇل قىلغان. 2008ـ يىلى، ئۇنىڭغا خىتاينىڭ «دوستلۇق مۇكاپاتى» بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىتايدا چەتئەللىكلەرگە بېرىلىدىغان ئالىي مۇكاپاتتۇر.(18) هازىر ئۇ «يىپەك يولى پۇل مۇئامىلە شىركىتى»نىڭ باش مۇدىرى بولۇپ، بۇ مەخسۇس شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئىستراتېگىيەلىك سىياستى بولمىش «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ قارمىقىدىكى پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان فوندتۇر.(19)

2009ـ يىلى، يەنى ئوباما ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سورنتون هەقىقەتەن ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى غوللۇق سۆهبەتچىگە ئايلاندى. ترامپ هۆكۈمىتى دەۋرىدىكى بىر نەپەر سابىق ئاقسارايى ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، سورنتون ئوباما هۆكۈمىتى دەۋرىدە ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇش ئۈچۈن «قاتتىق شاپاشلىغان» بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەزىپىگە يۇتا شتاتىنىڭ باشلىقى جون خانتسمەن (Jon Huntsman Jr) تاللانغان. جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان جون خانتسمەن ياش ۋاقتىدا تەيۋەندە مورمون (Mormon) دىنىنى تارقاتقانىدى.

هالبۇكى، سورنتون يەنىلا (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا) ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ جېڭ بىجيەن بىلەن بىرلىكتە تەشكىللىگەن تۈنجى قېتىملىق قوش تەرەپلىك پاكىز ئېنېرگىيە مۇنبىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ۋاشىڭتوندىكى «ۋېنخۇا شەرق مېھمانسارىيى»دا (Mandarin Oriental Hotel) يەنە بىر قېتىم يىغىن تەشكىللىدى. گەرچە باش ئەلچى خانىتسمەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پرېزىدېنت ئوبامانىڭ سۆزلىرىنى يىغىن ئەھلىگە يەتكۈزۈش «شەرىپى» سورنتونغا نېسىپ بولدى. ئارقىدىن، جېڭ بىجيەن خىتاي رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ باياناتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. گەرچە بۇ ئىككىلىسى (يەنى سورنتون بىلەن جېڭ بىجيەن) ئۆز دۆلىتىنىڭ رەھبىرىنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. تولىمۇ چوڭ غايىلەرگە ئىگە سابىق بانكىر بولمىش سورنتون ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇستىدە ۋە ئەتراپىدا خىزمەت قىلسا، جېڭ بىجيەن شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىلنى خىتاينىڭ ئالىي ئىستىخبارات ئورگىنىغا (يەنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا) ياردەم بېرىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار پېشقەدەم كوممۇنىست ئىدى.

2016-يىلى دونالد ترامپ ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، سورنتوننىڭ خىتايغا بولغان ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئاشتى. يۈزەكى قارىغاندا، ترامپنىڭ سايلام مۇجادىلىسىنى باشقۇرغۇچىسى ۋە باش ئىستراتېگىيەچىسى ستىۋ بەنون (Steve Bannon) سورنتوننىڭ خىتاي ھەققىدىكى قاراشلىرىغا قاتتىق قارشى ئىدى. بەنون ترامپنىڭ سايلام مۇجادىلىسى جەريانىدا خىتايغا ۋە يەرشارىلىششىنى تەرغىب قىلىدىغان سەرخىللارغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانىدى. ئۇ ھەتتا خىتاينى 1930-يىللاردىكى ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئوخشىتىپ، «خىتاي دۇنيانى توقۇنۇشقا پاتۇرۇشنىڭ ۋە ئامېرىكاغا قارشى ئىقتىسادىي ئۇرۇش قىلىشنىڭ كويىدا» دېگەنىدى.(20) گولدمەن ساكس شىركىتىدىن چىققان، خىتايدا يول تاپقان سورنتون بولسا بەنون قارشى تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملىگەندەك قىلاتتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ترامپ پرېزىدېنتلىققا سايلانغاندىن كېيىن، بەنون يەنىلا سورنتوننى ئىزدىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىيلەننىڭ تونۇشلۇقى بەكلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى. بەنون 1985-يىلى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، گولدمەن ساكس شىركىتىدە سورنتون بىللە ئىشلىگەنىدى.(21) ئۇ سورنتوننى ئۆزىنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە كۆرەتتى. ئاخباراتچى جوش روگىنغا كۆرە، بەنون خىتاي مەسىلىسىدە سورنتوندىن ياردەم سورىغانىدى، «چۈنكى، خىتاي ھەممىدىن دېرەك بېرەتتى.» سورنتون بۇنىڭغا جاۋابەن: «ستىۋ، مەن ئاشۇ ماقامدىكى كىشىنىڭ مۇشۇنداق سۆزنى قىلىشىنى ساقلاۋاتقىلى ئوتتۇز يىل بولدى» دېگەن. سورنتون ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە (ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە) ئۇ تامامەن باشقىچە سەۋىيەدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە بولغانىدى. ۋەھالەنكى، سورنتون مەمۇرىي ئىشلارغا قول تىقماي، پەردە ئارقىسىدا بەنون ۋە ترامپ بىلەن ھەمكارلىششنى تاللىدى.(22)

ھالبۇكى، بەنون سورنتوننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى خاتا ھالدا «مۇتەخەسسىسلىك» دەپ چۈشىنىۋالغانىدى. بەنوننىڭ «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىلەن سورنتونغا ئوخشاش مۇناسىۋەت ئورنىتالىغانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ» دېگەن تونۇشى توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ خىل ئىمتىيازنىڭ سورنتوننىڭ قىممەت قارىشىنى قانداق بۇرمىلىغۇچىتەكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن جېڭ بىجيەننىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى ۋە ۋاستىچىسى ئىكەنلىكىدىن ئېنىقلا خەۋەرسىز ئىدى. ترامپ دەۋرىدىكى بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقساراي ئەمەلدارىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار (يەنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بەنوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يادرولۇق شەخسلىرى) ئامېرىكا ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىدىن «سورنتون ئۆزىمۇ بىلمەستىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن باردى-كەلدى قىلىۋاتىدۇ» دېگەن خۇسۇستا بىرەر ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇۋېلىپ باقمىغانىدى.(23)

سورنتوننىڭ خىتاي ھەققىدىكى تونۇشى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارغا، دىپلوماتلارغا ۋە سەرخىللارغا ھەدەپ تەشۋىق قىلغان («خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە لىبېراللىشىشىغا يول ئاچىدۇ» دېگەن) ساختا ھېكايە بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ 2008-يىلى «چەتئەل مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە «خىتاي كومپارتىيەسى پائال ھالدا دېموكراتىيە يولىغا مېڭىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ» دېگەن. گەرچە سورنتون «خىتاي پات ئارىدا بارلىق رەھبەرلەر سايلام ئارقىلىق سايلىنىدىغان كۆپ پارتىيەلىك تۈزۈلمىگە ئۆتىدۇ» دەپ خام خىيال قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئالاقىچىلىرىدىن ئاڭلىغان گەپلىرى يەنىلا كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەن تونۇيدىغان بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ماڭا ئون يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ دەرىجىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بىر ئامېرىكالىق بىلەن دېموكراتىيە ھەققىدە ئاشكارا پاراڭلىشىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.» خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەزكۇر ئەمەلدارى سورنتونغا كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى بىۋاستە سايلاشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ پارتىيەلىك ئومۇمىيۈزلۈك سايلامنى قوللاشتىن ئاجىز كەلگەن.(24)

گەرچە سورنتوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى كىشىلەر بىلەن قىلغان باردى-كەلدىلىرىنىڭ تەپسىلاتى مەخپىي بولسىمۇ، ئەمما جېڭ بىجيەن بىلەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە قىلغىنىدەك، سورنتوننىڭمۇ خىتاي ھەققىدىكى مۆلچەرىنى (ئۆزى ئارزۇ قىلغان تەرزدە) شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئامېرىكالىق تىنچلىق تەرغىباتچىسى جېرېمي ستون (Jeremy J. Stone) سورنتونغا ئوخشاشلا ئۆزىمۇ تۇيماستىن، خىتايدا ئالاقە تورى ئورنىتىش ئۈچۈن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تايىنىپ قالغان ھەمدە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى دىڭ كۈيسوڭنى (ئۇ

ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ئىستىخبارات خادىمىدۇر) خىتايدىكى ئالاقە تورىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىگە قارىماستىن، ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ بىرى» دەپ سۈپەتلىگەن.(25) سورنتون خىتاينىڭ دېموكراتىكلىشىشى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقاندا، دىك كۇيسوك ئامېرىكا دىپلوماتلىرىغا «خىتاينىڭ دېموكراتىكلىشىشى مۇقەررەردۇر» دېگەن سەپسەتىنى تەلقىن قىلغان.(26) سورنتون جېك بىجيەن ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان باردى-كەلدىلەرنى ۋە يىغىنلارنى تەشكىللەشتىن سىرت، برۇكىڭس ئىنستىتۇتىنىڭ جېك بىجيەننىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، بۇ (يەنى جېك بىجيەننىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تەرجىمىسى) خىتايدىكى ئاۋانگارت مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەھەتتىكى يۈرۈشلۈك پىلاننىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.(27) سورنتوننىڭ نەزىرىدە، جېك بىجيەن خىتاينىڭ مەۋجۇت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ سەركىسى ئىدى. سورنتون ۋاشىڭتوندا ئۆتكۈزۈلگەن، پاكىز ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى بىرلەشمە مۇھاكىمە يىغىنىدا جېك بىجيەننى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنى «تولىمۇ ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان، خىتايدىكى ئاممىۋى سىياسەت مەسىلىلىرى جەھەتتىكى ئەڭ ئىجادچان ۋە تېرەن مۇتەپەككۇردۇر» دەپ سۈپەتلىگەن. بۇ قانداقتۇر مۇنداقلا دەپ قويغىلى بولىدىغان سۆزلەر ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە: «بىزنىڭ جېك (بىجيەن) رەئىستىنمۇ مۇنەۋۋەر، نوپۇزلۇق كىشىنى تاپالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.(28)

مۇھىمى شۇكى، جېك بىجيەن سورنتوننىڭ «خىتاي بىلەن دوستانە ۋە ئىجابىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش زۆرۈر» دېگەن كۆز قارىشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. سورنتون جېك بىجيەننىڭ «نۇتۇقلار مەجمۇئەسى»گە يازغان تەقرىزىدە، «جېك بىجيەننىڭ <تىنچ قەد كۆتۈرۈش> ئۇقۇمى نوقۇل ھالدا خىتايغىلا باغلىق ئەمەس. بۇ يەنى جاھان ئەھلىنىڭ ئاشۇ خىل تىنچ قەد كۆتۈرۈشنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدىغان خەلقئارالىق مۇھىت يارىتىشىنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەن ئاساستا، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت يۈكنىڭ كۆپ قىسمىنى ئامېرىكانىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن.(29)

سورنتوننىڭ يازمىسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىشنى ئۆگىنىپ بولغان، خىتاي توغرىسىدىكى (ئاساسسىز) ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. 1988-يىلى، ئۇلار (يەنى خىتاي دائىرىلىرى) جورج سوروسنى قىزغىن كۈتۈۋالغان، شۇنداقلا سوروسنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى قوغدايدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ خىتايدا ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت بەرپا قىلىش تىرىشچانلىقىغا ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەندى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ نىقاب تەشكىلاتىنى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» دەپ ئاتاپ، «ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئېچىۋېتىلگەن خىتاي» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى سۈيىئىستېمال قىلىشنى ئويلىغانىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى

مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ رەھبىرى بولغان يوشۇرۇن ئىستىخبارات خادىمى لىن دى 2001-يىلى ۋاشىڭتوندىكى «دۆلەتلىك ئاخبارات كۇلۇبى»دا سۆز قىلغاندا، خىتاينىڭ بارغانسېرى «دېموكراتىك» بىر دۆلەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.(30) زىددىيەتلىك يېرى شۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ كونسېرۋاتىپ ۋە ئامېرىكاغا ھەممىدىن ئۆچ تارمىقى بولغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ۋە نىقاب تەشكىلاتلىرى مەخسۇس «دوستانە لىبېراللار ۋە ئىسلاھاتچىلار» سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

سورنتون ئۆزىنىڭ 2012-يىلى «چەتئەل مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان خىتاي توغرىسىدىكى ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى تۆۋەندىكى بارچە قاتلاملارغا ئوپئوچۇق سىگنال بېرىدۇ» دېگەن.(31) بۇ ئۆلچەمگە كۆرە، شى جىنپىڭ مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە خىتاينىڭ دېموكراتىكلىشىشى توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئۈمىدنى كۆپۈككە ئايلاندۇرغاندى. ئۇ تەختكە چىققاندىن بۇيان، خىتايدىكى «دۆلەت رەئىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى قارار ۋەزىپە ئۆتىيەلەيدۇ» دېگەن چەكلىمە بىكار قىلىندى، سىياسىي رەقىبلەر ۋەھشىيلەرچە تازىلاندى، شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىن باستۇرۇش پەۋقۇلئاددە ئاشقۇنلاشتى، (ما يۈنگە ئوخشاش) خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىمۇ باستۇرۇلدى. گەرچە ئەمدىلىكتە خىتاينىڭ دېموكراتىكلىشىشىدىن ئۈمىد يوقتەك قىلىسمۇ، ئەمما «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئەرباblar بىلەن يېقىن شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى» ھېلىھەم سورنتوننىڭ يادرولۇق چۈشەنچىلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇ خىل خاتا ئۈمىد سورنتوننىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. سورنتون ترامپقا شى جىنپىڭ بىلەن دوستلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن، شۇنداقلا «ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش»نىڭ ترامپنىڭ ئۆز نەتىجىلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلغان.(32) بىر نەپەر سابىق ئاقساراي ئەمەلدارى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ (يەنى سورنتوننىڭ) قارىشىچە، شى جىنپىڭ بىلەن پىرېزىدېنت (ترامپ) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت چوقۇم ياخشى بولۇشى، بۇ ئىككىيلەن چوقۇم بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا كۆرە، بىزنىڭ ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، خىتاي كەلگۈسى دۇنياسىنىڭ غوجىئاكىسى ئىدى، شۇڭا بىز بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك ئىدى.» سورنتون يەنە ترامپقا شى جىنپىڭغا دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ تولىمۇ ئىدراكىي ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ تەشەببۇسلار ترامپنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ،

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سورنتون بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ، بۇ ئۇچۇرلارنى شى جىنپىڭغا ۋە ۋاڭ چىشەنگە يەتكۈزگەن.

بۇ ئۇچۇرلارنى سورنتون ئارقىلىق بېيجىڭغا يەتكۈزۈشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلىرى بار ئىدى. ئۇ مەزكۇر ۋەزىپىنى ئىشەنچىلىك ھالدا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تامامىلىيالايتتى. روگىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(بۇنداق ئۇچۇرلارنى رەسمىي قاناللار ئارقىلىق يەتكۈزگەن تەقدىردە) رەسمىي قانالغا چېتىشلىق كىشىلەر بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇچۇرنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.»(33)

سورنتوننىڭ موكا دىپلوماتىيەسى (shuttle diplomacy — رەھبەرلىرى بىۋاسىتە ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغان دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرىنىڭ مۇئەييەن مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قايتا-قايتا ئۇچرىشىشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ تەكرار ئۇچرىشىشى رەخت توقۇمچىلىقىدا رەختلەرنىڭ ئۆرۈشىگە ئارقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن توختىماي ئالدى-كەينى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان «موكا»غا ئوخشىتىلىپ، مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.-ت) دەسلەپتە بەلگىلىك ئۈنۈملەرنى بەرگەندەك قىلاتتى. (تېكىستتىكى ئىبارە)

ئېرىشتى. ترامپ بىلەن شى جىنپىڭنىڭ 2017-يىلى 4-ئايدا فلورىدادىكى مار ئا لاگو (Mar-a-Lago) ئارامگاھىدا ئۇچرىشىشى دەل سورنتوننىڭ مەسلىھەتى بىلەن رويابقا چىققان بولۇپ، ئەينى چاغدا ھەتتا بەنونمۇ بىر مەھەل (قاتتىق تەنقىدىي سۆزلەرنى تەرك ئېتىپ) ئېخمۇ دىپلوماتىك سۆز-ئىبارىلەرنى قوللانغانىدى.(34) مەسىلەن، بەنون 2017-يىلى خوڭكوڭدا سودا ساھەسىدىكى زاتلارغا سۆز قىلغاندا، ترامپىنىڭ شى جىنپىڭغا بولغان قايىللىقىنى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىشكە تىرىشىشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.(35) ترامپ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى باشلاپ سەككىز ئاي بولماستىنلا بەنون ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سورنتون ئۆزىنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغان ۋە دوستانە كەيپىياتتا ۋاڭ چىشەن بىلەن كۆرۈشتۈرگەن.(36)

خىتايغا بەكرەك مايىل كىشىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ (خىتاي بىلەن بولغان) سودا تالاش-تارتىشلىرىدىكى سۆھبەتچىلىككە تالالاش سورنتوننىڭ ئاساسلىق ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى ئىدى. خىتاينىڭ تەڭسىز سودا قىلمىشلىرى ۋە ئامېرىكانىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلىشى سەۋەبلىك، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جىددىيلىك بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى سودا ئۇرۇشى قوزغايدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالدى. ئاقسارايىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك سابىق ئەمەلدارى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەت ئىچىدىن خىتاي بىمالال سۆھبەتلىشەلەيدىغان ئەڭ رايىش سۆھبەتچىنى تېپىپ چىقىش ئىدى.»(37) سورنتون بۇ ۋەزىپىنىڭ ترامپىنىڭ كۈيئوغلى جېرېد كۇشنېر (Jared Kushner)، مالىيە مىنىستىرى ستىۋ مېنۇچىن (Steve Mnuchin) ۋە سودا مىنىستىرى ۋىلبېر روسقا (Wilbur Ross) تاپشۇرۇلۇشى ئۈچۈن شاپاشلىدى.

لېكىن، سورنتون پەقەت ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى بارغانسېرى مۇقەررەرلىشىۋاتقان تەڭشەشنىلا توسۇپ قالالايتتى، خالاس. مەزكۇر سابىق ئاقساراي ئەمەلدارى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاقىۋەتتە ھەرقانچە ئەپچىل چارىمۇ خىتاينىڭ بىزنىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى ئوغرىلاشتىن قەتئىي ۋاز كەچمەيۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى يېپىپ قالالمىدى.» خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان سودا سۆھبەتلىرىدە كۈشىنېر بىلەن مېنوچىننىڭ ئەمەس، بەلكى روبېرت لايتھىزېردىن (Robert Lighthizer) ئىبارەت «قاتتىق قول» سۆھبەتچىگە دۇچ كەلدى.(38)

## بايدىن ۋە خىتاي

گەرچە سورنتوننىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قىسقا مۇددەتلىك بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بايدىن ھۆكۈمىتى دەۋرىدە يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىي قاناللىق رولىنى ئوينىدى. 2021 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، سالاھىيىتى نائېنىق بىر كىشى خوڭكوڭدىكى «جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى»گە سورنتوننىڭ ئالتە ھەپتىلىك خىتاي سەپىرىنى تاماملىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ، بۇنى ھېنرىي كىسسىنگېرنىڭ (Henry Kissinger) 1971 ـ يىلىدىكى مەخپىي خىتاي زىيارىتىگە ــ بۇ زىيارەت شۇنىڭدىن كېيىنكى ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە ئاساس سالغانىدى ــ تەققاسلىغان.(39) ئامېرىكانىڭ كىلىمات سىياسىتى ئالاھىدە ئەلچىسى جون كېررىي (John Kerry) ۋە مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى ۋېندى شېرمانىمۇ (Wendy Sherman) بايدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى ئايلاردىلا خىتاينى زىيارەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سورنتوننىڭ زىيارىتى بۇلارنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. كېررىي بىلەن شېرمان پايتەخت بېيجىڭدا ئەمەس، دېڭىز ياقىسىدىكى تيەنجىن شەھىرىدە سوغۇق كۈتۈۋېلىندى.(40) خىتايشۇناس دىن چېڭغا (Dean Cheng) كۆرە، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكانىڭ بۇ رەسمىي ۋەكىللىرى خىتايدىكى ماقامداشلىرى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ۋە «بايدىن ھۆكۈمىتى ئۆزىنى خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتتە تۆۋەن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش خەۋپىگە قارىماستىن، ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.»(41)

ھالبۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سورنتونغا قىلغان مۇئامىلىسى تامامەن پەرقلىق ئىدى. گەرچە سورنتوننىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە ھېچقانداق رەسمىي ۋەزىپىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان خەن جېڭ (韩正) بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈشكە «مۇيەسسەر» بولغان. سورنتون جېڭ بىجىيەن بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇمىغان، ئەلۋەتتە.(42) سورنتون يەنە يەرلىك مىللەتلەرگە قارشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش تەكلىپىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ھالبۇكى، بىر نەپەر ئاقساراي ئەمەلدارى بۇ ھەقتە بۇنداق قىلىش باشقىلار تەرىپىدىن

«خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى قوللىغانلىق» دەپ قارىلىپ قالىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. خەن جېك بۇ خۇسۇستا سورنتونغا بىر تالاي مەسىلىلەردە قاقشىغان ھەمدە خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى تەكتىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى شەرقىي تۈركىستاندا كۆرگەنلىرىنى (يەنى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەردازلانغان ساختا كۆرۈنۈشلەرنى) جاھان ئەھلىگە بىلدۈرۈشكە ئۈندىگەن.(43) دېمەك، خىتاي رەھبەرلىرى سورنتوننى قايتىدىن ئۆزلىرى بىلەن ئاقساراي ئارىسىدىكى ۋاستىچىلىككە تەيىنلىگەن.

سورنتوننىڭ كىمنى قوللايدىغانلىقى تولىمۇ ئېنىق ئىدى. گەرچە جون كېرىي نامدا ئامېرىكانىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە ئەلچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئىگىلىنىشىچە، سورنتون خىتاي رەھبەرلىرىگە كېرىينىڭ بايدىننىڭ خىتاي توغرىسىدىكى سىياسىتىنى بېكىتىش جەھەتتىكى يېتەكچى شەخس ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.(44) خىتاي كومپارتىيەسى ئامېرىكانى «كىلىمات ئۆزگىرىشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش» بىلەن «خىتايغا خىرىس قىلىش»تىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، بايدىننىڭ چەتئەل سىياسىتىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسغا ئىختىلاپ ئۇرۇقىنى چاچقان.

جون كېرىي بايدىننىڭ كىلىمات ۋە ئېنېرگىيە سىياسىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزى ئۈچۈن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ مەمۇرىي ۋەزىپىدىن پايدىلىنىپ، كىلىمات سىياسىتىنى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»گە كۆرە، خىتاي ئەمەلدارلىرى سورنتون بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، كېرىي بىلەن كۆرۈشكەندە، «ئامېرىكا خىتاينى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەر سەۋەبلىك ئەيىبلەشتىن ۋاز كەچمىگۈچە، خىتاي كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشمايدۇ» دېگەن تۇتۇمنى بىلدۈرگەن. كېرىي خىتايدىن قۇرۇق قول قايتقان، شۇنداقلا خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇنىڭ بىلەن پەقەت تېلېفون يىغىنى ئارقىلىقلا كۆرۈشۈپ، ئۇنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرغان بولغاچقا، كېرىي ئەمدىلىكتە دىققىتىنى «پرېزىدېنت بايدېن بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش»قا قارىتىپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ «يا تولۇق ھەمكارلىشىمىز، يا قەتئىي ھەمكارلاشمايمىز» دېگەن تۇتۇمىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان. (يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن كىلىمات مەسىلىسىگە ئوخشاش قىسمەن مەسىلىلەردىكى ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان)

نۇرغۇن كىشىلەر سورنتوننىڭ مەۋقەسىگە ئاۋاز قوشۇشتى. ئۇ ۋال كوچىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىرلارنىڭ ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، بۇ بانكىرلار ئامېرىكادىكى «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» نەزەرىيەسىگە ئىشىنىدىغان ئەڭ تەسىردار كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ قارىشى توغرا بولسا، ئۇلار خىتاينىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىدىن نەپكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، قىرغىنچى، ھاكىممۇتلەق ۋە كاپىتالىزمغا بولغان دۈشمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەسلىدىنلا «پايدىلىرى» بار ئىدى. روگىننىڭ

ئېيتقىنىدەك، «قارا تاش گۇرۇھى»نىڭ (Blackstone Group) باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ستېفىن شۋاررزمان (Stephen Schwarzman) بىلەن بىلەكروك شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى لاررىي فىنك (Larry Fink) «خىتايغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ترامپقا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەڭ بەك شاپاشلىغان» كىشىلەردىندۇر. ۋال كوچىسىدىكى شىركەتلەرنىڭ نۇرغۇنى «بېيجىڭنىڭ ساخاۋىتىگە تايىنىپ، ھەر يىلى نەچچە مىليارد دوللار كىرىم قىلىدۇ» ھەمدە خىتاينىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ساھەسىگە كىرىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىدۇ. شىۋاررزمان بولسا، ترامپنىڭ خىتاي ماللىرىغا تاموژنا بېجى قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەردە ئارقىسىدا كۆپ ھەرىكەت قىلغان. ئۇ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تۈرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ يەردە خىتاي ۋە چەتئەللىك مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار بىللە ئوقۇيتتى. روگىن ئۇنى «ۋال كوچىسىدىكىلەر ئارىسىدا، خىتاينىڭ چوڭ شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىشقا ئەڭ ماھىر كىشى بولۇشى مۇمكىن» دەپ تەسۋىرلىگەن. (45)

ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە، سورنتون خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەزكۇر بانكىرلارنى مەخسۇس «خىتاي-ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى»غا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل يىغىنلاردا ۋاڭ چىشەنگە ئوخشاش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت مەنپەئەتىنىڭ «ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»گە شۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغاچقا، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.»(46) خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان يۇقىرى قاتلاملىق ئىقتىسادىي دىيالوگنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، ترامپ ھۆكۈمىتىدە، بۇ خىل دىيالوگلار خىتايغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىشنى كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان «توسقۇنلۇق مېخانىزمى» دەپ قارالغانىدى.(47)

بايدىن پرېزىدېنتلىقا سايلانغاندىن كېيىن، ئۇشبۇ «ۋال كوچىسى گۇرۇھى»نىڭ ئەزالىرى قايتىدىن جەم بولۇشتى. بۇلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان خۇپىيانە سۆھبەتلىرى يەنە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىن ھالقىپ، بىۋاستە ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى تېما قىلدى.(48) ھالبۇكى، خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ھەمدەمدە بولۇشى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتۇمىنى قاتتىقلاشتۇردى-دە، بايدىن ھۆكۈمىتى دۇنيا مىقياسىدا خىتايغا قارشى ئىتتىپاقداشلىق سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا كۆچىدى.(49)

## خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان جېڭ بىجيەنگە سالغان مەبلەغلىرى سەرخىللار قاتلىمىدا ئىزچىل مېۋە بېرىپ تۇردى. جېڭ بىجيەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ۋە «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، 2010-يىلى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» (CIIDS) دېگەن يېڭى بىر ئاپپاراتنى قۇردى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە سېلىشتۇرغاندا، «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلاش تېخىمۇ قىيىن. چۈنكى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىۋاسىتە باشقۇراتتى. لېكىن، بۇ (يەنى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»دىن ئىبارەت بۇ يېڭى تەشكىلاتنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار-يوقلۇقىنىڭ ئېنىق بىلىنمەسلىكى) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارا نىيىتىنىڭ پەسىيىپ قالغانلىقىنىڭ ئەمەس، بەلكى بۇ مىنىستىرلىقنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ھوشيارلىقىنىڭ ئاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ئىلگىرى ئامېرىكادىكى ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان، شۇنداقلا كاتىرىنا لياڭنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولغان (Agent handler — ئىستىخبارات ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ئىستىخبارات مۇلازىملىرىنى ياكى مەشغۇلاتچىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە مەسئۇل شەخسنى كۆرسىتىدۇ، ت) لىن دى يەنىلا «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ بەزى خادىملىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. مەسىلەن، «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ بىر نەپەر باش كاتىپى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئىشخانا باشقۇرغۇچىسلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن.(50) جېڭ بىجيەندىن سىرت، «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرىدىكى ھالقىلىق شەخسلەر ئىدى.(51) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بىر نىقاب تەشكىلاتى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ ئۆز يىغىنلىرى ئۈچۈن تەشۋىقات فىلىمى ئىشلىشىگە ياردەم بەرگەن.(52)

«خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ پائالىيەتلىرى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭكىگە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ تار دائىرىدە سىياسىي ساھەدىكى سەرخىللارنى ئاساسىي نىشان قىلغانىدى. جېك بىجيەنىنىڭ ئۆز دىققىتىنى ئاۋستىرالىيەگە قارىتىشى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى ئىدى. 2011-يىلى، «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» ئاۋستىرالىيە بىلەن «سودا ۋە دوستلۇق» ھەققىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇنبەر ئۇيۇشتۇردى. بۇ مۇنبەرگە ئاۋستىرالىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتناشتى.(53) گەرچە شۇ قېتىملىق يىغىندىن كونكرېت نەتىجە ھاسىل بولغان-بولمىغانلىقى نائېنىق بولسىمۇ، ئەمما شۇ قېتىملىق پائالىيەت ئاۋستىرالىيەلىك خىتاي مىلياردېر جوۋ زېروڭنىڭ (周泽荣) ئورنى ۋە سىرلىقلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. جوۋ زېروڭ «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» بىلەن بىرلىكتە شۇ قېتىملىق پائالىيەتنى تەشكىللىگەنىدى. شۇ قېتىملىق مۇنبەر جوۋ زېروڭنىڭ ئىلكىدىكى «سوگدۇ خەلقئارالىق ئارامگاھى»دا (从都国际庄园) ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق پائالىيەت بولۇپ، بۇ ئارامگاھ جوۋ زېروڭنىڭ ئانا يۇرتى گۇاڭدوڭغا جايلاشقانىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زوۋانى بولمىش «خەلق گېزىتى» شۇ قېتىملىق مۇنبەرنى «گۇاڭجوۋدىكى بوئاۋ مۇنبىرى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ خىتاي دۇنيا مىقياسىدىكى سەرخىللارنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە ئىندەككە كەلتۈرىدىغان يېڭى ماكان ئىدى.(54)

ئەينى چاغدا، جوۋ زېروڭنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى نوپۇزى ۋە شۆھرىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىل مابەينىدە سىياسىيونلارغا ۋە ئاممىۋى ئاپپاراتلارغا سىجىل پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق ئاۋستىرالىيەنىڭ سىياسىي ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ خىتايدا تولىمۇ كەڭ مۇناسىۋەت تورىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى.(55) ئاۋستىرالىيەدىكى سىياسىي رەھبەرلەر ئۇنى «خىتايغا 25 مىليارد ئاۋستىرالىيە دوللىرىلىق تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىش كېلىشىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەم بەردى» دەپ ماختىشاتتى.(56) جوۋ زېروڭ 1990-يىللاردا ئاۋۋال خوڭكوڭغا، ئاندىن ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولغاندىن كېيىن، ئاۋستىرالىيە سىياسىي ساھەسىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرگە مىليون دوللارلاپ پۇل ئىئانە قىلدى ۋە قىزى ئۇچۇن يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شتاتىنىڭ ۋالىيسى (كېيىنكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى) بوب كارنىڭ (Bob Carr) ئىشخانىسىدىن خىزمەت تېپىپ بەردى. سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزېيى، شۇنداقلا فرانك گېھرى (Frank Gehry) تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن سىدنېي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى زامانىۋى ئىمارەت جوۋ زېروڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىدى.(57) تېخى يېقىندىلا، ئۇ ئاۋستىرالىيە ھەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەر ساخاۋەت ئاپپاراتىغا ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇرۇش خاتىرە سارىيىغا نەچچە مىليون دوللار ئىئانە قىلدى.(58)

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەقە جوۋ زېروڭنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈچىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى تولىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. 2011-يىلى، ئاۋستىرالىيەنىڭ شۇ چاغدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى

كېۋىن رۇد (Kevin Rudd) جوۋ زېروڭ بىلەن تۇيۇقسىزلا كۆرۈشكەن. «سىدنېي سەھەر خەۋەرچىسى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بىر نەپەر ئاۋستىرالىيە دىپلوماتى كېۋىن رۇدنىڭ بۇ ئىشنى «بىنورمال» دېگەن، چۈنكى ئاۋستىرالىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭ ياۋروپادىكى يىغىندىن قايتىش سەپىرىدە تۇيۇقسىز گۇاڭجوۋغا سەپەر قىلغانلىق خەۋىرىدىن ئاساسەن ۋاقىپلانمىغان. ئاخباراتچى نىك ماكېنزى (Nick McKenzie) بىلەن ئانگۇس گرىگنىڭ (Angus Grigg) يازمىسىغا كۆرە، «جوۋ زېروڭ بىلەن كۆرۈشۈش رەسمىي سەپەر پىلانىدا يوق ئىدى. بۇ كۆرۈشۈش كېۋىد رۇد ئۆزىنىڭ بىرەسمىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق باش مىنىستىر جۇلىيا گىلاردنىڭ (Julia Gillard) كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەن. مۆلچەرلىنىشىچە، كېۋىن رۇد جوۋ زېروڭدىن ئۆزىنى داۋاملىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ئۇ 2013-يىلى ئاۋستىرالىيەنىڭ باش مىنىستىرلىق ئورنىغا قايتىدىن چىقىشنىڭ كويىدا ئىدى.»(59)

جوۋ زېروڭنىڭ ئاۋستىرالىيەلىك سىياسەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەس-مۇنازىرە قوزغىغان، شۇنداقلا ئاۋستىرالىيەنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتى ASIO ھەر ئىككى ئاساسلىق پارتىيەنى «جوۋ زېروڭنىڭ سىياسىي ئىئانىلىرى مۇداخىلە قانىلىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاۋستىرالىيەدىكى ئىشچىلار پارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئەمدى جوۋ زېروڭنىڭ، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىقى بار دەپ ئەيىبلەنگەن يەنە بىر مىلياردېر ئۆي-مۈلۈك سودىگىرى خۇاڭ شياڭمونىڭ (黄向墨) ئىئانىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.(60) ئاندىن ئاۋستىرالىيەدىكى پىشقەدەم پارلامېنت ئەزاسى ئەندىرىۋ خاستىي (Andrew Hastie) پارلامېنتنىڭ ئىمتىيازىنى ئىشقا سېلىپ، «جوۋ زېروڭ ب د ت نىڭ ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىش سۇيىقەستىگە شېرىك بولغان» دەپ ئەرز سۇندى. بۇ سۇيىقەست FBI تەرىپىدىن پاش قىلىنغاندى.(61) 2022-يىلى، ئىشچىلار پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتا ئەزاسى كىمبېرلىي كىتچىڭمۇ (Kimberley Kitching) پارلامېنتنىڭ ئىمتىيازىنى ئىشقا سېلىپ، «جوۋ زېروڭ بۇ يىلنىڭ بېشىدا ASIO تەرىپىدىن پاش قىلىنغان چەتئەل مۇداخىلىسى سۇيىقەستىنىڭ ئارقىسىدىكى نامسىز قارا قولدۇر» دېدى.(62)

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، جوۋ زېروڭ ئۆزىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپتە خەۋەر بەرگەن جون گارناۋت (John Garnaut) بىلەن نىك ماكېنزىدىن (Nick McKenzie) ئىبارەت ئىككى مۇخبىرنىڭ ئۈستىدىن «ماڭا تۆھمەت قىلدى» دەپ ئەرز سۇندى ۋە دەۋادا يېڭىپ چىقتى.(63) شۇنداقلا، ئاۋستىرالىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى، باش شتابى نيۇيوركتا جايلاشقان «ئاسىيا جەمئىيىتى»نىڭ (Asia Society) ھازىرقى رەئىسى كېۋىن رۇد 2011-يىلىدىكى «ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇنبىرى»دىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا جوۋ زېروڭنىڭ شېرىكلىرى بىلەن، يەنى جېك بېجيەن ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ كەلدى.(64) جوۋ زېروڭ ھېلىھەم «مادرىد كۇلۇبى»نىڭ (Club de Madrid) رەھبىرى ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ، بۇ كۇلۇب يېڭى زېلاند، كانادا ۋە

لاتۋىيەنىڭ سابىق پرېزىدېنتلىرى ۋە باش مىنىستىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئون نەپەر سابىق دۇنيا رەھبەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلاتتۇر.(65)

## ماكانىسىز مىلياردېر نىكولاس بېرگرۈۋن

گېرمان نەسىللىك ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچى نىكولاس بېرگرۈۋن (Nicolas Berggruen) «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك شېرىك ئىدى. ئۇنىڭ ئېنگلىزچە تەلەپپۇزى «فرانسۇزلارنىڭكىگە تولىمۇ ئوخشايدىغان» بولۇپ، ئۇ ئۆز مۈلۈكلىرىدىن (شەخسىي ئايروپىلانى بۇنىڭ سىرتىدا) ۋاز كېچىپ، ساياھەت چامدانىنى كۆتۈرگىنىچە ئېسىل مېھمانخانىلاردىلا ياشىغانلىقتىن «ماكانسىز مىلياردېر» دەپ ئاتالغانىدى. گېرمانىيەلىك سەنئەت بۇيۇملىرى سودىگىرى ھېينز بېرگرۈۋنىنىڭ (Heinz Berggruen) ئوغلى بولغان نىكولاس خۇسۇسىي پاي دەسمايىسىگە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق نەچچە مىليارد دوللار پۇل تاپقان ۋە ئەمدىلىكتە ئۆزىنى سىياسىي دەۋاغا ئاتىغانىدى.(66) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ھايات تەرزى بىلەن تونۇلغان نىكولاس خىتايغا ئالاقىدار گېئوپولىتىكىدا ئۆز ئورنىنى تاپتى.

ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پروجېكتى بولمىش بېرگرۈۋن ئىنستىتۇتى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى سەرخىللار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا ياردەم بەرگەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر خىتاي تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ھالقىلىق رول ئوينىدى. بېرگرۈۋنىنىڭ مۇددىئاسى يەرشارىنىڭ باشقۇرۇلۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش ۋە دېموكراتىيەنى «قۇتقۇلدۇرۇش» ئىدى. كالىفورنىيە ئۇنىڭ ئاساسلىق دىققەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە داڭدار شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان بىر كومىتېت تەسىس قىلىپ، بىۋاستە مەزكۇر شىتاتتىكى خەلقنىڭ رايىغا ئاساسەن سىياسەت بېكىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى.(67)

لېكىن، خەلقئارالىق قاتلامدا، خىتاي بېرگرۈۋنىنىڭ ئاساسلىق قىزىقىش ئوبيېكتى ئىدى.(68) «بېرگرۈۋن ئىنستىتۇتى»نىڭ 2008-يىلىدىكى يەرشارىۋى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىن قۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭ بۈگۈنكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىنى بەلگىلىگەن. مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، نىكولاس بېرگرۈۋن بىلەن تەتقىقاتچى ناسان گاردېلس «كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەغلۇبىيەتلىك دەپ قارىغان سىياسىي ئاپپاراتلارنى- ۋە غەربتىكى- دېموكراتىك ئەللەرنى-، شۇنداقلا خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ 21-ئەسىردىكى خەلقئارالىق ھەمكارلىققا ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى» تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئاقىللار ئامبىرىنى قۇرغان.(69) ئۇلار بۇنىڭغا

قارىتا، «كېلەچەك زور دەرىجىدە خىتايدىن ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە باغلىق» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقان. بۇ جەرياندا، ئۇلارنىڭ ئىنستىتۇتى كلايۋ خامىلتون (Clive Hamilton) ۋە مارىيېك ئوھلبېرگ (Marieke Ohlberg) ئېيتقاندەك، «ئەڭ نومۇسسىز خىتايپەرەس ئاقىللار ئامبىرى»غا ئايلانغان.(70)

«بېرگرۈۋن ئىنستىتۇتى» بىر جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇرەل ۋە پەلسەپىۋى مەنبەسىنى چۈشىنىشنى تەكىتلەيدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار خىتاينى تەتقىق قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ شەرقشۇناسلىققا مايىل بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. گاردېلس «دېموكراتىيە خوڭكوڭغا ماس كەلمەيدۇ» دېسە، نىكولاس بېرگرۈۋن خىتاي كومپارتىيەسىنى خىتاي خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن مەيدانغا كەلگەن «مۇلازىمەت ئاپپاراتى» دەپ سۈپەتلىگەن.(71) ئۇ ئۆز يازمىسىدا: «خىتاي مۇقىملىق ۋە ئىناقلىقنى كۆزلەيدىغان كوڭزىچە قەدىمىي ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كۈچەۋاتىدۇ» دەپ يېزىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنى ئۆزىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ماركسىزم-لېنىنىزمچە پرىنسىپلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ قەدىمىي ئىمپېرىيەچە ئادەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە: «خىتاي كومپارتىيەسى ئاساسەن سەرخىللار ھوقۇق تۇتىدىغان، رىقابەتچان پارتىيەدۇر» دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ خىل ئومۇملاشقان قاراشنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خىتاينىڭ رېئاللىقىدا ھېچقانچە ئاساسى يوق. ئەكسىچە، خىتايدا سەرخىللار سىياسىتىنى شاھزادىلەر پىرقىسىنىڭ (太子党 — خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ھازىرقى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بو شىلەي قاتارلىقلار بار) ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلىرى تەبىرلەيدۇ. (نىكولاس بېرگرۈۋن ئىلگىرى سۈرگەن) بۇ خىل قاراشتا يەنە «ئاتالمىش سەرخىللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەزكۇر سىستېمىغا كىرىش ئۈچۈن، چوقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمى نەرسىنى قوبۇل قىلىش كېرەك»لىكىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.(72) «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ۋە «خافىنگتون پوچتا گېزىتى»مۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلارنى بازارغا سالغان بولۇپ، تا يېقىنغىچە بۇ ئىككى گېزىت «بېرگرۈۋن ئىنستىتۇتى» تەرىپىدىن تەييارلانغان ماقالىلەرنى — بۇلارنىڭ ئىچىدە جېڭ بىجيەنىڭ ماقالىلىرىمۇ بار — ئېلان قىلىپ كەلدى.(73)

«بېرگرۈۋن ئىنستىتۇتى» بىر پارتىيەلىك تۈزۈلمىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە ئويلىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىسى بار دۇنيا رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «21-ئەسىر كېڭىشى»نى قۇرغان. «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ «خىتاينى چۈشىنىش مەجلىسى» ئۆز نۆۋىتىدە «21-ئەسىر كېڭىشى»نىڭ يىغىن ئورنى بولۇپ، جېڭ بىجيەن شۇ ئارقىلىق مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى بۇ پائالىيەتلەرگە جەلپ قىلالىغان. بۇ پائالىيەتلەر «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ خىزمىتىنىڭ يادروسىدۇر. «خىتاينى چۈشىنىش» پائالىيەتلىرىنىڭ تۇنجىسى 2013-يىلى، يەنى شى جىنپىڭ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆتكۈزۈلگەن

بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش مېتودىنى ئۆزگىچە مۇجەسسەملىگەنىدى. خىتاي كومپارتىيەسى «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى» ئارقىلىق سابىق دۇنيا رەھبەرلىرىنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاكادېمىكلارنى ۋە شىركەت خوجايىنلىرىنى بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ قىلغان. يىغىن ئەھلى كەم كۆرۈلىدىغان تەرزدە باش سېكرېتارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى فۇ يىڭ (Fu Ying) ۋە خىتاينىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىقتىسادشۇناس لىيۇ خې (Liu He) قاتارلىق قاقۋاشلارمۇ سۆز قىلىش ۋە چەتئەللىك مېھمانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن بۇ يىغىنغا قاتناشقان. يىغىننىڭ («خىتاينى چۈشىنىش» دېگەن) ئىسمى دالالەت قىلىپ تۇرغاندەك، بۇ يىغىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشتىراكچىلارنىڭ خىتاينى خىتاي كومپارتىيەسى بېكىتكەن شەكىلدە «چۈشىنىشى»گە ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. «خىتاي يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىنستىتۇتى»نىڭ مېھمانلىرىغا بېرىلگەن بۇ خىل ئىمتىياز ئۇلارنىڭ خىتايغا تېخىمۇ يۇمشاق پوزىتسىيەدە بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. چۈنكى، «مەن ئالدىنقى ھەپتە خىتاينىڭ باش مىنىستىرى لى كېچياڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم» دېيەلەيدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.

2013-يىلى كېۋىن رۇد بىلەن بىلەن پاۋل كىتىڭدىن (Paul Keating) ئىبارەت ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىككى نەپەر سابىق باش مىنىستىرى، شۇنداقلا مېكسىكا، پاكىستان، ئەنگلىيە، ئىسپانىيە، چىلى ۋە ئىتالىيەنىڭ سابىق رەھبەرلىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. گۇگۇل شىركىتىنىڭ شۇ چاغدىكى باش ئىجرائىيە مۇدىرى ئېرىك شىمىتنى (Eric Schmidt) ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ۋە سىنگاپورلۇق كىشور مەھبۇبانىغا (Kishore Mahbubani) ئوخشاش تەتقىقاتچىلارمۇ شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشتى. «بېرگرۇۋېن ئىنستىتۇتى»نىڭ ئورتاق قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان نېسان گاردېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ (سابىق) دۇنيا رەھبەرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، «غەربچە نەزەردىن قۇتۇلۇپ، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتى»، خىتاي رەھبەرلىرى بولسا بۇنداق يىغىنلاردا «سىياسىي كونتروللۇقنى كۈچەيتىش بىلەن تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي لىبېراللىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىدۇر» دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سالاتتى.(74) شۇنىڭدىن كېيىن، شى جىنپىڭ «ئىقتىسادنىڭ ۋە خىتاي جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشى»نى ئۆز كۈنتەرتىپىنىڭ يادرولۇق قىسمىغا ئايلاندۇردى.

## تۆۋەن قاتلامدىكى ساھبجامال ھېلىسى: كرىستىن فاڭ ۋەقەسى

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى سىياسىي ساھەنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپلا قالماستىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئامېرىكا تەدبىر بەلگىلەش ساھەسىدىكى مۇداپىئەسىز بىر رايونىغا، يەنى يەرلىك سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىشكىمۇ ياردەملەشتى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كالىفورنىيەدىكى داڭدار جاسۇسى كاترىنا لياڭ 1990-يىللاردىلا بۇ ئويۇننى ئويناپ باققان بولۇپ، ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرگەنىدى (4-بابقا قاراڭ). لېكىن، كرىستىن فاڭ (Christine Fang) ۋەقەسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەڭ ياخشى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ. كرىستىن فاڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كالىفورنىيەدىكى جاسۇسى دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى بېسانى ئالېن-ئىبراھىمىيان (Bethany Allen-Ebrahimian) ۋە زاك دورفماندىن (Zach Dorfman) ئىبارەت ئىككى ئاخباراتچى تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان.(75)

كرىستىن فاڭ 2011-يىلى خىتايدىن ئامېرىكا كېلىپ، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي قولتۇق (East Bay) تارمىقىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە «خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ رەئىسى بولغانىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىدە تولىمۇ ئاكتىپ بولۇپ، سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇشقا ئىنتىلەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلار رەھبىرلىك ئىقتىدارى سەۋەبلىك، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئاسىيا نەسىللىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ئاممىۋى ئىشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يەرلىك شۆبىسىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن، شتاتلىق سىياسىي ساھەدىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى. تونۇشلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئۇ باشقىلاردىن ياشتا چوڭراق ئىدى ۋە مېرسېدىس ماركىلىق ئاق پىكاپى سەۋەبلىك پەۋقۇلئاددە باي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يەنە خىتاينىڭ سان فرانسىسكودىكى كونسۇلخانىسىدىكى بىر دىپلومات بىلەنمۇ ئالاقىسى بار بولۇپ، بۇ دىپلومات FBI تەرىپىدىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي خادىمى دەپ گۇمان قىلىنغانىدى.(76)

كرىستىن فاڭ قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدىلا بىر قانچە سىياسىيون بىلەن دوستلۇق ۋە ئالاقە ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ، ئامېرىكا سىياسىيونلىرى بىلەن خىتاي جامائەتچىلىكى ئارىسىدىكى ۋاستىچىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىر ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك ئىدى، بىر چەتئەللىككە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ كالىفورنىيەنىڭ قولتۇق رايونىدىكى (Bay Area) سىياسىي پائالىيەتلەردىكى غوللۇق شەخسكە ئايلانغان ۋە مەبلەغ توپلاشقا ياردەملەشكەنىدى. ئالېن-ئىبراھىمىيان بىلەن دورفماننىڭ بىلدۈرگىنىدەك، «كرىستىن فاڭنىڭ فېيسبوكتىكى دوستلار تىزىملىكى ئەمەلىيەتتە قولتۇق رايونىدىكى سىياسىيونلارنىڭ تىزىملىكى

ئىدى.»(77) ئۇ بىر پارچە رەسىمدە راسېل لوۋنىڭ (Russell Lowe) يېنىدا تۇرغان بولۇپ، راسېل لوۋ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات مۇلكى ۋە كېڭەش پالاتا ئەزاسى ديان فېينستېيننىڭ (Dianne Feinstein) شۇ چاغدىكى خىزمەتچىسى ئىدى.(78)

كرىستىن فاڭ ئۆزىنى مۇددەتلىك پىلان تۈزگەنىدى. ئۇ دەماللىققا سىياسىي مەۋقە ئىزهار قىلماستىن، ئالاقە تورىغا بەكرەك قىزىققاندەك قىلاتتى. ئۇ قولتۇق رايونىدا قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق بىۋاسىتە تەسىر ئومۇمىي پىلانغا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەمەس ئىدى. يەرلىك سىياسىيونلارنىڭمۇ ھەرقانداق مەخپىي ئۇچۇرغا ئېرىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

ئەكسىچە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىستىقباللىق سىياسىيونلارنىڭ خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىغا قىزىقاتتى، يەنى ئېخىمۇ يۇكسەك ماقامغا ئۆرلەش يولىدا كېتىۋاتقانلارنى تەتقىق قىلىشنى، ئۇلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشنى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلايتتى. جاسۇسلار سىياسىيونلارغا كەسپىي ھاياتىنىڭ دەسلىپىدە يېقىنلاشقان تەقدىردە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى ئېخىمۇ يۇقىرى بولاتتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىيونلارغا ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە دۇچ كەلمەيتتى. يېڭىدىن سايلانغان بۇ سىياسىيونلارنىڭ ھوشيارلىقىمۇ ئانچە يۇقىرى بولمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا ئوخشاش ئورگانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىزىقىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. مەسىلەن، ئېرىك سۋالۋېل (Eric Swalwell) ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى.

كرىستىن فاڭ كالىفورنىيەگە كەلگەندە، سۋالۋېل سىياسەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئىدى. لېكىن، ئەھۋال تولىمۇ تېز ئۆزگەردى. دۇبلىن شەھەرلىك پارلامېنتنىڭ مەزكۇر سابىق ئەزاسى 31 يېشىدا دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە پارلامېنت ئەزالىقى ئۈچۈن سايلامغا قاتناشتى ۋە ئوخشاش پارتىيەدىن بولغان، شۇ چاغدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پارلامېنت ئەزاسىنى مەغلۇپ قىلدى. كرىستىن فاڭ سۋالۋېل بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولغان، ھەتتا فېيسبوكتا ئۇنىڭ دادىسى ۋە قېرىندىشى بىلەنمۇ دوستلاشقان. شۇنداقلا، يەنە سۋالۋېلنىڭ 2014-يىلى قايتىدىن پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىشى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاشقا ياردەم بەرگەن ۋە بىر خىزمەتدىشىنى سۋالۋېلنىڭ ئىشخانىسىدا پراكتىكا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.(79)

سۋالۋېل كرىستىن فاڭ بىنورمال دەرىجىدە يېقىنلاشقان بىردىنبىر سىياسىيون ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نىشانى كالىفورنىيە بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئالېن-ئىبراھىميان بىلەن دورفمانغا كۆرە، كرىستىن فاڭ يەنە ۋاشىڭتوندىكى سىياسىي مەجلىسلەردە ۋە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. بىر قېتىملىق يىغىندا، ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا-غەربىي قىسمىدىكى مەلۇم بىر كىچىك شەھەرنىڭ باشلىقى كرىستىن فاڭنى «قىز دوستۇم» دەپ ئاتىغان ھەمدە ئىككىيلەننىڭ ياش پەرقىگە قارىماستىن، ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تولىمۇ سەمىمىي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. FBI يەنە كرىستىن فاڭنىڭ

«ئوخيو شتاتىدىكى بىر شەھەرنىڭ باشلىقى بىلەن ماشىنىنىڭ ئىچىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن»دىكى ئاۋازنى ئاڭلىغان بولۇپ، كرىستىن فاڭ ئۆزىنىڭ ئېنگلىز تىلى مەشىق قىلىش ئۈچۈن بۇ شەھەر باشلىقى بىلەن باردى-كەلدى قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.(80)

2015-يىلىغا كەلگەندە، سىۋالۋېل ئاۋام پالاتاسىنىڭ CIA نى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان «ئىستىخبارات مەسىلىلىرى دائىمىي ئالاھىدە كومىتېتى»غا تاللانغان. FBI ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ، سىۋالۋېلنى ۋە باشقىلارنى كرىستىن فاڭ ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ۋە سىۋالۋېلنى دەرھال ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە ئۈندىگەن. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كرىستىن فاڭ تۇيۇقسىزلا ئامېرىكادىن ئايرىلغان. ئامېرىكانىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارىنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، كرىستىن فاڭ يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى كاتىرىنا لياڭغا ئوخشاشلا، ئامېرىكادا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان «نۇرغۇنلىغان جاسۇسلاردىن بىرى» ئىدى.(81) ھالبۇكى، بۇ پەقەت «دېڭىزدىن تامچە» ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەسى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.



# ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى

# ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى

سەرگەردان

**ئايشەمگۈل ئەھمەد**

ئۇلار بىزنى قىرىۋاتىدۇ
ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ
ئۇلار بىزنى ھايۋاندىنمۇ بەتەر خورلاۋاتىدۇ

مەن ئىلگىرى ئاي يورۇقىدا چۆچەك ئاڭلىغان
ئاكامنىڭ دۈمبىسىگە ھاپاش بولۇۋېلىپ قاقاھلاپ كۈلگەن
ئانام خېمىر يۇغۇرۇپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپ ئېتىزغا كەتكەندە
ئۇكام بىلەن ھويلىمىزدا مۆكۈمۆكۈلەڭ ئوينىغان.

ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردى
ئۇلار مېنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى
تاماكا ئىسىغا تولغان ئىشخانىغا ئەكىرىپ بۇتۇمدىكى كىشەننى يەشتى
مېنى قويۇپ بېرەمدۇ قانداق دەپ ئۈمىدلەندىم
قويۇپ بېرىپ قالسا تۈرمە دەرۋازىسىغىچە پىيادە مېڭىشقا يېتەرمۇ ماجالىم
قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى
بەدىنىمدىن ماغدۇر كەتتى
مېڭىشقا ھېچ قالمىدى ھالىم.

ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى

ماڭا قاراپ ھىجايدى
بىر ـ بىرىگە قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈشتى
توساتتىنلا مېنى ئىچىدىكى ئۆيگە سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى...

كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقىنى قانمۇ ياشمۇ
ئۈستۈمدە بىرەرسى بارمۇ يوقمۇ
مەن ئەمدى ھەقىقىي جىنايەتچىگە ئايلاندىم
ئۇلار قايتىپ كىرگۈچە ئەمدى مەن يوق.
ئەي دۇنيا، بىزگە ئادالەتلىك يوقمۇ؟

كۆزۈمنى ئەمدى ئاچمايمەن
ھەرگىز كۆزۈمنى ئاچمايمەن.
قورساق تەرىپىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ
ئۈچ سايە مېنىڭ نومۇسۇمغا تەگدى
ئەمدى مەن بىر جىنايەتچى
ئەمدى مەن ئۆز ئىپپىتىمگە خىيانەتچى.

مەن بۇلغاندىم
ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
بار غەزىپىم بىلەن
بارچە ئازابىم بىلەن
بارچە يىغىلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ
پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ تولغاندىم.

پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ
ھازىر قايسى نامازنىڭ ۋاقتى
كاشكى پاك بولغان بولسام
تاھارەت ئالالىغان بولسام
ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالغان بولسام
رەببىمدىن مەغفىرەت تىلىۋالغان بولسام
گۇناھىمنى يۇيۇۋالغان بولسام.

كۆزۈمنى قايتا ئاچمايمەن
مەن بىر ئۇيغۇر قىزى
مەن مۇسۇلمان قىز
مەن ئايشەمگۈل ئەھمەد
رەھمەت پەرىشتىلىرى كېلىڭلار تېز

ئۇلار بىر-بىرىگە ئايشەم جىنايەتچىلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى دېيىشتى
ئۈستۈمگە ھايۋانلارچە باستۇرۇپ كېلىشتى

كاشكى مەن دۇنيادىكى ئەڭ سەت قىز بولغان بولسام
كاشكى قىز بولماي ئوغۇل بولغان بولسام
كاشكى ئادەم بالىسى بولماي تاش، تۇپراق بولغان بولسام

ئۇلارغا كۈچۈم يەتمىدى
ئەسلىدىنلا ھېچبىر ماجالىم قالمىغان ئىدى
ئاي-ئايلاپ قورسىقىم تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىغان تۇرسام
بۇ يەردە تاماق نېمىش قىلىدۇ
بۇ يەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى دېيىشىدۇ

نەچچە دوستۇم ئىستانبۇلغا كەتكەن
ئىستانبۇل بەك گۈزەل
ئۇلار ماڭا ئىستانبۇلنىڭ رەسىملىرىنى ئەۋەتكەن
مەن داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان
ئىستانبۇلدا ياخشى ئىنسانلار كۆپ
باشقىلار ماڭا كۆپ داڭلىغان

دۇنيادا ياخشى ئىنسانلار كۆپ
بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى ئاڭلىسا بىزنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلار ئىدى
بۇ يەرنىڭ خەۋىرى ئۇلارغا يېتىپ بارالمايدۇ
چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئىككى دوستۇم مېنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيدۇ

بىلگەن بولسا بىزنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلار ئىدى
مېنىڭ ئىزدىرىكىمنى قىلار ئىدى
دۇنيا ھالىمىزنى بىلگەن بولسا بىزنى چوقۇم قۇتقۇزۇۋالاتتى

ئۇلار مېنى قاتتىق خورلىدى
ئۇلار مېنى ئېزىپ چەيلىدى
ئۇلار ماڭا ئەسلا ئىچ ئاغرىتمىدى
ئۇلار مېنى ئاياق ئاستى قىلدى
ئۇلار مېنى بۇلغىدى
ئاندىن كەمىرى بىلەن يۈزۈمگە، قورسىقىمغا ۋە پاچاقلىرىمغا
ھەممە يېرىمگە قاتتىق ئۇردى

مېنى قانچە ئادەم ئاياق ئاستى قىلدى، بىلەلمىدىم
مەن ئۇيغۇر قىزى
يۈزى ئېچىلمىغان، دېھقان قىزى
مەن ئايشەمگۈل ئەھمەد
مەن خورلانغان يېزا قىزى
رەببىم مېنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت

مەن ئەمدى ياشىمايمەن
ئەسلىدىنلا ياشىمايۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولدى

ئۇكامنىڭ بۇرۇتلىرى بەلكىم خەت تارتتى
ئۇكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن
ياق، ئەمدى ياشىمايمەن
ئەمدى كۆزۈمنى ھەرگىز ئاچمايمەن.

ئۇلار بەك ۋەھشىي
ئۇلار ئىنسان ئەمەس
ئۇلار بىزگە قىلچىمۇ رەھىم قىلمىدى
زورىگۈلغا، بۇخەلچەم ھەدىگە، خەيرىنساغا

چوقۇم ماڭا قىلغاننى قىلدى
ئۇلار مېنى راسا ئۇرۇپ بولۇپ بۇ ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدۇ دېيىشتى

ئۇلار ئۈچ ئەمەس
ئۈچتىن كۆپ
بەلكىم ئوندىنمۇ كۆپ

دادامنى ئەسلەشتىنمۇ ئۈيىلىمەن
دادامنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن
ئەمدى ھەرگىز كۆزۈمنى ئاچمايمەن

دۇنيادا مۇسۇلمانلار كۆپ دەپ ئاڭلىغان
ئەرەبىستا، پاكىستان، تۈركىيە، مىسىر دەپ ئاڭلىغان
ئامېرىكا، ئەنگىلىيە دەپ ئاڭلىغان
مەن پاسپورتۇمنى ئېلىپلا تۈركىيەگە ئۇچۇشنى ئارزۇلىغان
كاشكى ئانامنى ئالدىراتقان بولسام

تۈركىيەدە ياخشى ئىنسانلار كۆپ
دۇنيادا مۇسۇلمانلار كۆپ
دۇنيادا ئادالەتپەرۋەر ئىنسانلار كۆپ
بىزدىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەر كۆپ

ئانام تۇغمىسىچۇ كاشكى مېنى
قېنى، گۈزەل ئارزۇلىرىم قېنى
قېنى، ياشلىق باھارىم قېنى
ئەرلەر قېنى، ئەركەكلەر قېنى

مەندە ياشاشقا ھېچبىر ئىستەك يوق
كاشكى بولغان بولسام بىر تال ئوق

بۇلار بەك ۋەھشىي

بۇلار ئادەم ئەمەس
قوللىرىمنى مەھكەم باغلىدى
مېنى ئاندىن تۇغما يالىڭاچلىدى

ئۇلار بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدە
ھۇجرىلىرىمىزدا
يۇرتىمىزدا
مەسجىدلىرىمىزدە ۋە گۈلزارلىقلىرىمىزدا
جاھاننىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتىدۇ
ئۇلار بىزنىڭ ھۇجەيرە ھۇجەيرىلىرىمىزدە تۇرۇپ
بىزگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتىدۇ

ئۇلار بىر-بىرىگە ئايشەم جىنايەتچىلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى دېيىشتى
كاشكى مەن دۇنيادىكى ئەڭ سەت قىز بولغان بولسام
كاشكى قىز بولماي ئوغۇل بولغان بولسام
كاشكى ئادەم بالىسى بولماي تاش، تۇپراق بولغان بولسام.

ئەمدى ھەرگىز كۆزۈمنى ئاچمايمەن
مەن چەيلەندىم
ئەمدى ئۆلۈمدىن قاچمايمەن.
بەدىنىمدىن چوقۇم قان ئېقىۋاتىدۇ
كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقىنى ياشمۇ قانمۇ

مەن بىر ئۇيغۇر قىزى
مەن مۇسۇلمان قىز
مەن ئايشەمگۈل ئەھمەد
رەھمەت پەرىشتىلىرى كېلىڭلار تېز

رەببىم ئەمدى جېنىمنى ئال
ئۇكام چوقۇم ئىنتىقامىمنى ئال ....

**رەيھان تۇرغۇن**

مەن كۆك مايكىلىق قىز
قاغىلار سايرىغاندا چالما ئاتقان
مەن كۆك مايكىلىق قىز
قان كۆلدە ھوشسىز ياتقان

ئانام ماگا قەدىمدە ئۆتكەن ئانىلىرىمىز ئات ئۈستىدە ئوقيا ئاتالايتتى دەپ كۆپ ماختىغان
دادام ماگا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىپ، تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان مۆلدۈردە چارىسىز قالغان قاغىنى
قۇتقۇزىۋېلىش ئۈچۈن ئاتايىتىن توختىغان
ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم سىنىپتا ھەققانىيەتچى كىشىلەرنىڭ دائىملا ئېغىر ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى
سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلىغان

مەن دېڭىزنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغىنىم بىلەن، دېڭىزنىڭ رەڭگىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم
مەن دائىم دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم
دېڭىزنىڭ مېنى ئۇزاق قىرلارغا ئاقتۇرۇپ كېتىشىنى ئارزۇلايتتىم

ئۇزاق قىرلارنىڭ تار كوچىلىرىنىڭمۇ شۇنچە كەڭرى
قاراڭغۇ تۈنلىرىنىڭمۇ شۇنچە ئارامبەخش
بىر يۇتۇم سۈيىنىڭمۇ شۇنچە بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

ئىچىمدە دائىملا چەكسىزلىككە، بىپايانلىققا، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى
مەن كېچىلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىمدا ئۇۋىسى چۇۋۇۋېتىلگەن قۇشلارنىڭ
ئانىسى كۆز ئالدىدا بوغۇزلانغان پاقلانچاقلارنىڭ
دادىسى كىچىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن سەبىيلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ
دائىملا ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم

مەن دېڭىزلارغا قوشۇلۇپ يۇكسەك دولقۇن ياساش ئۈمۈدىمگە يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن

ھېچبولمىسا
كۆپكۆك دېڭىزلارنىڭ ئۈ تەرىپىدە پەرۋاز قىلىپ چۈشەشنى بولسىمۇ شۇنچە ئارزۇلىغان ئىدىم
ھالبۇكى چۈشۈمگىمۇ ئىگە بولالمىدىم
چۈشلۈرۈممۇ مەيلىمگە باقمىدى

مەن ئاخىرى ئۈچامغا كۆك مايكا كىيىشنى قارار قىلغان ئىدىم
كۆك رەڭ مەن قوشۇلالمىغان دېڭىزنىڭ رەڭگى
كۆك رەڭ مەن تەلپۈنىدىغان چەكسىز ئاسماننىڭ رەڭگى
كۆك رەڭ مېنىڭ كەچمىشمنىڭ ۋە كەلگۈسۈمنىڭ رەڭگى
مەن كۆك مايكىدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ غورۇرلۇق، تېخىمۇ چىرايلىق ھېس قىلدىم

قاغىلار سايرىغان كېچىسىمۇ مەن پاكىز يۇيۇلغان كۆك مايكامنى كىيىۋالغان ئىدىم
ئۇلار ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردۈم
بەئەينى قىرغاققا قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرگەن دولقۇنلاردەك

مەن ئۇلارنى دېڭىزلارنىڭ بىپايان قۇرۇقلۇققا خالىغانچە ئېقىش ئەركىنلىكىنى دائىملا بوغىدىغان قىرغاقلارغا
جانسىز، قاتتىق، شىلىمشىق قىرغاقلارغا ئوخشىتاتتىم
بۈگۈن مەن ئاشۇ قىرغاقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدىم
بەئەينى تاغدەك دولقۇنلار قىرغاقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش ئارقىلىق
قىرغاقلار ئۈستىدىن مەڭگۈ غالىپ كەلمەكچى بولغاندەك

بۇ رەڭسىز، قاشالانغان دۇنيا ھاياتىمغا ھېچقانداق مەنە بېرەلمىگەن ئىدى
دەل ئەكسىچە ھاياتىمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوغرىلىدى
مەن ھاياتىمنى يېڭىدىن ياراتماقچى، كۆپكۆك دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكىگە
كۆپكۆك ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىگە قوشۇلماقچى ئىدىم

مېنىڭ كۆك مايكام تۇمارىسىنىڭ دۇبۇلغۇسى
مېنى جانان دېگەنلەر قولغا سازنى ئالغۇسى
مەندەك چەكسىزلىككە ئىنتىلگەنلەر شوخ پەدىگە چالغۇسى

مەن
كۆك مايكىلىق قىز
ئانىسى كۆز ئالدىدا بوغۇزلانغان پاقلانلار ئۈچۈن يىغلايمەن
ئۈۋىسى چۇۋۇلۇپىتىلگەن قۇشلار ئۈچۈن يىغلايمەن

مەن كۆك مايكىلىق قىز
قاغا بىلەن قۇزغۇنلارغا ھېچ پۈكمىگەن تىز
ئۇلار كۆك مايكامنى سالدۇرۇۋېلىشتى
مەندىن سىلەرگە قالمىدى ھېچ ئىز

مەن كۆك مايكىلىق قىز
ئارزۇلىرىم شەمشەرگە ئايلىنىپ يالتىرىغاندا
ئۇچىمەن شادىمان كۆكلەردە ئېگىز

**ئىلھام توختى**

مەن ئاخىرى چۈشۈمدە قىزىمنى كۆردۈم
ئۇ ماڭا «دادا، مەن سىزنى دائىم چۈشۈمدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن» دېدى
مەن ئۆزۈمنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا ئۆزۈمنى ئويغاق ھالەتتە كۆردۈم

ئەسلىدە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق مېنىڭ نەزىرىمدە ئوخشاش ئۇقۇم
مەنىسى ئوخشاش، يېزىلىشى ئوخشاش
ئويغاقلىقىم بىلەن ئوخشاش ئۇيقۇم

مېنى تۆتىنچى نومۇر دەپ ئاتىشىدۇ
جاھاندىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا مەنپەئەت سەۋەبلىك بىر-بىرىگە ماي تارتىشىدۇ
ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشۈمدىمۇ، ئويغاقلىقىمدىمۇ — ئەسلىدە ھەر ئىككىسى ئوخشاش —
مەن بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى بولمىغان دېلولارنى ئارتىشىدۇ

مېنى قاتتىق قورقۇتماقچى بولغاندا قاقاھلاپ كۈلدۈم
مەن بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلەشمەكچى بولغاندا ئۈخلاش ئۈچۈن مۇشتقا ئوخشاش تۈگۈلدۈم.

سېنىڭ ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ دېيىشتى
ھەممىمىزنىڭ تەڭ چىقىدۇ دېدىم
سەن بىز ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس دېيىشتى
ئۆلۈم مەن ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس دېدىم

ماڭا ئاش بەمەي، سۇ بەرمەي، ئۈخلاتماي جازالىماقچى ئىكەن
مېنىڭ دەردىم يېمەك-ئىچمەك بولسا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتىم
مەن ئەسلىدىنلا ئۇخلىمىغان تۇرسام، مېنى ئۇخلاتماسلىققا تىرىشىش
بەئەينى يۇگۇرۋاتقان ئادەمنىڭ يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى يوق قىلىپ بەرگەندەك ئىشقۇ

مېنى تەۋبىگە چارقىرىشتى
مەن دەرھال جىنايەت ئۆتكۈزدۈم
ئىقرارنامەمنى يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇدى
قەلىمىم بىلەن شانلىق داستانىمىزنى پۈتكۈزدۈم

زۇلمەت چوقۇم يوقىلار قىزىم
ئەركىنلىك ئاسماندا ئۇچقاندەك سېزىم
زۇلمەت بىزنى تاۋلار پولاتتەك
بۇ چاغ ئەمەس مېنىڭ كەچ كۈزۈم.



# ئامېرىكا بىرلا ۋاقىتتا قانچە سەپتە ئۇرۇش قىلالايدۇ؟

ئېمما ئاشفورد، مەسىۋ كرونىگ

# ئامېرىكا بىرلا ۋاقىتتا قانچە سەپتە ئۇرۇش قىلالايدۇ؟

ئېما ئاشفورد بىلەن مەسئۇ كرونىگ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

(بۇ سۆھبەت «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

ئېمما ئاشفورد: ئامېرىكا جورج توۋن ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى. «چەتئەل سىياسىتى» ژۇرنىلىنى يازغۇچىسى، ستىمسون مەركىزىنىڭ «ئامېرىكانىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەسىنى قايتا تەسۋىرلەش» تۈرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى.

مەسئۇ كرونىگ: ئامېرىكا جورج توۋن ئۇنىۋېرسىتېتى پروفىسورى. «چەتئەل سىياسىتى» ژۇرنىلىنى يازغۇچىسى، «ئاتلانتىك ئوكيان كېڭەشى»نىڭ قارمىقىدىكى ئىستراتېگىيە ۋە بىخەتەرلىك مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورى. پروفېسور مەسئۇ كرونىگنىڭ بىر تۈركۈم ئالقىشقا ئېرىشكەن كىتابلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ «دۇنيادىكى بىرىنچى نومۇرلۇق دۆلەت بولۇش رىقابىتىگە داخىل بولۇش: قەدىمكى دەۋرلەردىكى دېموكراتىيە ۋە ھاكىممۇتلەقلىق توقۇنۇشىدىن ئامېرىكا ۋە خىتايغىچە» ناملىق ئەسىرى 2020-يىلى ئوكسفور ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مەسئۇ كرونىگ: بىز بەزىدە نېمە ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىنىمۇ بىلەلمەي قالىمىز. لېكىن، بۇ ھەپتىدىكى تېمىمىز تولىمۇ ئوچۇقتۇر. ئۇنداقتا ئوتتۇرا شەرق ھەققىدىكى پارىڭىمىزنى باشلاپ كېتەيلى.

ئېمما ئاشفورد: بۇ ھەپتە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى جېك سۇلىۋان (Jake Sullivan) بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە: «مەزكۇر رايون (يەنى ئوتتۇرا شەرق) نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تىنچ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ» دېيىلدى. مەنچە بۇ تولىمۇ مەسخىرىۋى تۇيۇلمىدۇر. ئۇ مەزكۇر ماقالىنىڭ ئورگىنالىنى 10-ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدىن (يەنى ئىسرائىلىيە بىلەن خاماسنىڭ توقۇنۇشى باشلىنىشتىن) ئىلگىرىلا يېزىپ قويغان بولساك كېرەك. شۈبھىسىزكى، بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا مەزكۇر رايونغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولالايدۇ.

ئەلۋەتتە، يېقىنقى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ھۆكۈمەت تېخىمۇ پائال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئامېرىكا پرىزدېنتى بايدىننىڭ بۇ رايونغا قالغان سەپىرى ئىسرائىلىيەدە قىزغىن قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن

غەززەدە دەل شۇ چاغدا يۈز بەرگەن بىر مەيدان ئاپەت، يەنى بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ دوختۇرخانىغا چۈشكەنلىكى، بايدىنىنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ ئەرەب قوشنىلىرىغا قىلىدىغان سەپەرلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىدىن دېرەك بەردى. شۇنداقلا، بۇ ئامېرىكانىڭ تۇتۇمىنى تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قىلىپ كۆرسەتتى.

شۇنداقلا، بايدىن ئامېرىكاغا قايتقاندىن كېيىن كەم كۆرۈلىدىغان تەرزدە ئۆز ئىشخانىسىدا پۈتۈن ئامېرىكا خەلقىگە خىتابەن نۇتۇق سۆزلىدى. بايدىن مەزكۇر نۇتقىدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇكرائىنانى بىر-بىرىگە زورلاپ ئوخشىتىپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا باغلىنىش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. ئاندىن ئۇ پارلامېنتتىن 106 مىليارد لىق قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى تەلەپ قىلدى. سىز بايدىنىنىڭ شۇ سۆزلىرىگە قانداق قارايسىز؟

مەسىۇ كرونىگ: مەنچە ئۇنىڭ سۆزلىرى كۈتكەن تەلەپكە يەتمىدى. مەن ئۇنىڭ ئامېرىكا خەلقىگە ئۆز مەۋقەسىنى ئوچۇق ئىزھار قىلغانلىقىدىن خۇشالمەن. ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقىلى ئۇن سەككىز ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما بايدىن تا ھازىرغىچە ئالتۇن ۋاقىتتا (يەنى ئەڭ كۆپ ئادەم تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئاخشام سائەتلىرىدە) ئامېرىكا خەلقىگە خىتاب قىلىپ، بۇ توقۇنۇشنىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن نېمىشقا بۇ قەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ باقمىغانىدى. مەنچە بۇ بەكلا كېچىكىپ كەتتى.

مەن بايدىنىنىڭ بەزى سۆزلىرىگە تولۇق قوشۇلىمەن. مەسىلەن، ئۇ «ئامېرىكانىڭ دۇنيا مەسىلىلىرىگە ئىشتىراك قىلىشى دۇنيانى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ئامىل بولىدۇ» دېدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىككى توقۇنۇشنى (يەنى رۇسىيە-ئۇكرائىنا توقۇنۇشى بىلەن ئىسرائىل-خاماس توقۇنۇشنى) بىر-بىرىگە باغلاشقا ئۇرۇنۇشى قالايمىقان ۋە چۈشىنىكسىزدۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ماگا ئوخشاش ئاددىي ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۇكرائىنادا ياكى غەززەدە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىگە نېمىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكى ھەققىدە ھەقىقىي تۈردە چۈشەندۈرۈش بەرمىدى. بايدىن «ئەگەر رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن ئۇكرائىنادا توختىتىلمىسا، ئۇ كېيىنكى قەدەمدە پولشاغا ھۇجۇم قىلىدۇ» دېدى. لېكىن، ئەگەر كىشىلەر ئۇكرائىناغا كۆڭۈل بۆلمىسە، قانداقمۇ پولشاغا كۆڭۈل بۆلسۇن؟

مەنچە ئۇ ياۋروپادىكى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇشنىڭ ئاددىي ئامېرىكالىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا نېمىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ئېما ئاشفورد: مەسىۇ، مەنچە سىز پېنسىيە يېشىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بايدىنىنىڭ «ئامېرىكا خەلقئارالىق مەسىلىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان دۆلەتتۇر» دېگەن قارىشىغا قوشۇلىدىغان بىردىنبىر

ئادەم بولۇشىڭىز مۇمكىن. مەن «پۇتىن ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي تەرىپىنى بويسۇندۇرالمىغان تۇرسا، قانداقمۇ پولشانى ياكى باشقا جايلارنى بويسۇندۇرالايدۇ؟» دېگەن سوئالنى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قويۇپ تۇرىمەن.

مەنچە بايدىننىڭ بۇ قېتىملىق نۇتقىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش يوق. نۇتۇقتىكى بەزى مەزمۇنلار جەريانغا ئالاقىداردۇر. ئەسلىدە، ئىسرائىلىيە بىلەن خاماس ئوتتۇرىسىدىكى مەزكۇر توقۇنۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا، بايدىن ئۆز ئىشخانىسىدا ئۇكرائىناغا ئالاقىدار ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىمەكچى ئىدى. ھالبۇكى، خاماس ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، بايدىن ئۆز نۇتقىغا ئىسرائىلىيەنى قوشۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن ئۇكرائىنا بىلەن ئىسرائىلىيەنى بىر-بىرىگە ئوخشىتىش ھەقىقەتەن پەلپەتىشلىكتۇر. بۇ خىل ئوخشىتىش قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەتتا ھازىرمۇ دېموكراتلار ئۇكرائىناغا ياردەم بېرىشنى كەڭ كۆلەمدە قوللايدۇ، لېكىن ئىسرائىلىيە-پەلەستىن مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك ئىختىلاپ بار.

مەنچە پارلامېنتنىڭ 106 مىليارد دوللارلىق خامچوتىنى بېرىش-بېرىش بەرمەسلىكى نائېنىق. ئىسرائىلىيەگە قىلىنىدىغان ياردەم، چېگرا مۇداپىئەسى مەبلىغى ۋە تەيۋەنگە قىلىنىدىغان بەزى ياردەملەرنى قوشقاندىمۇ، ئۇكرائىناغا بېرىلىدىغان ياردەم يەنىلا بۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مەنچە ئاۋام پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ.

مەسۇ كرونىگ: شۇنداق، بايدىن ھەممىنى بىر يەرگە يىغىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەرنى مەزكۇر لايىھەنى قوللاشقا قىستىماقچى بولۇۋاتىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسرائىلىيەگە ياردەم بېرىشكە قارشى بېلەت تاشلاش ئۇكرائىناغا ياردەم بېرىشكە قارشى بېلەت تاشلاشتىن تەس. شۇنداقلا، جۇمھۇرىيەتچىلەر خىتاي مەسىلىسى ۋە چېگرا بىخەتەرلىكى ئامېرىكانىڭ باش كۆنتەرتىپى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇنىڭ كارغا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. بىر قىسىم جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇ لايىھەنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا ئايرىم-ئايرىم بېلەت تاشلاش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ.

ئېمما ئاشفورد: بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېتىرازلار ھەقىقەتەن كۆپ. جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بولغان J.D ۋانسىنىڭ (Sen. J.D. Vance) ئىشخانىسى ھەتتا بىر پارچە ئەسلەتمە ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلدى ۋە بۇ مەسىلىلەردە ئايرىم-ئايرىم بېلەت تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى.

بىز يەنىلا ئوتتۇرا شەرق تېمىسىغا قايتىپ كېلەيلى. ئىسرائىلىيە تېخى غەززەگە يەر يۈزىدىن ھۇجۇم قىلمىدى (بۇ ماقالە ئېلان ئىسرائىلىيە غەززەگە يەر يۈزىدىن ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغانىدى)، ئەمما پۇتكۈل ئىشارەتلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلماقتا. گەرچە ئامېرىكانىڭ سىياسەتلىرى

ھازىرچە بۇ خىل ئەھۋالنى چەكلەيدىغاندەك قىلىسمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئامېرىكا چوقۇم مەزكۇر رايوندىكى ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە قارىتا پىلان تۈزۈشى ۋە تەييارلىق قىلىشى كېرەك. مەن ئىسرائىلىيەنىڭ يەر يۈزى ھۇجۇمىنىڭ ئۆزلىرى كۈتكەندەك ئۈنۈم بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارايمەن. لېكىن، ھازىر ئىسرائىلىيەنىڭ ئانچە كۆپ تاللىشى يوق. ئۇلار غەززەگە ھۇجۇم قىلىشى كېرەكمۇ؟

مەسۇ كرونىگ: ئۇلار شۇنداق قىلىشى كېرەك. (پەلەستىنىنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ دۆلەت قۇرۇۋالغان) ئىسرائىلىيەنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز خەلقىنى قوغداش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. 10-ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە ئۆز چېگراسىنىڭ يېنىدا خاماسنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويالمايدۇ.

ئىسرائىلىيەنىڭ يەنىلا كارغا كېلىدىغان تاللىشى بار. خاماسنى ھەربىي ۋاستە ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ. غەززە كىچىك ۋە ئايرىۋېتىلگەن تۇپراقتۇر. ئىسرائىلىيەنىڭ سەرخىل دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى يەر يۈزى ھۇجۇمى ئارقىلىق خاماس بىلەن ئالاقىسى بار ھەرقانداق ئادەمنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. لېكىن، بۇ ئۇرۇشنىڭ بەدىلى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېغىر بولىدۇ. شۇنداقلا، «ئۇرۇشتىن كېيىن غەززەنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» دېگەن بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش تولىمۇ قىيىن. ئىسرائىلىيە ھازىر شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدى. مەنچە سىز ئىسرائىلىيە غەززەگە تاجاۋۇز قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارايسىز. ئۇنداقتا ئىسرائىلىيە زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئېمما ئاشفورد: بۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش يوقلۇقى ئېنىق، مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. دەرۋەقە، (پەلەستىنلىكلەرنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ دۆلەت قۇرۇۋالغان) ئىسرائىلىيەنىڭ ئۆزىنى قوغداش ھەققى بار. شۇنداقلا، يېقىنقى ئىككى ھەپتىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن كېيىن ئىسرائىلىيە خاماسنىڭ غەززەدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويالمايدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنچە سىز خاماسنى ھەربىي ۋاستە ئارقىلىق يوقىتىشنى بەكلا ئاسان چاغلاپ قېلىۋاتىسىز.

قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ھەر ۋاقىت تەسكە توختايدۇ. شەھەردە ئۇرۇش قىلىش تېخىمۇ قىيىن. ئىسرائىلىيە بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئوغۇل-قىزلىرىدىن ئايرىلىدۇ. غەززەدىكى پۇقرالارنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەسلىكى بىزنىڭ ئالدىقاچان بىر مەيدان ئىنسانىي ئاپەتكە شاھىت بولغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداقلا ھىزبۇللاھ ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇرۇشتىن كېيىن غەززەنىڭ قانداق باشقۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق پىلان يوق. ھازىر پۈتكۈل ۋەزىيەت تولىمۇ قالايمىقان. مەن

ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرىنىڭ پۈتكۈل بۇ ئامىللارغا قارىماستىن يەنىلا شۇنداق قارارغا چىقىرىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلەيمەن. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ ئورنى ۋە شارائىتىنىڭ ھەر ۋاقىت دۈشمەن تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئامىلدۇر. ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەگە يەر يۈزىدىن ھۇجۇم قىلىشى جەڭگاھنىڭ خاماس تەرىپىدىن تاللانغانلىقىدۇر.

لېكىن، مەن ئىسرائىلىيە پۇقراسى ئەمەس. مەن ھازىر ئامېرىكادا تۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا، بىز ئامېرىكانىڭ بۇ توقۇنۇشتا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشىمىز كېرەك.

مەسىۋ كرونىگ: پرېزىدېنت بايدېنىنىڭ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نۇتقىدىن باشقا، مەنچە بايدېن ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيەنىڭ خاماسقا قارشى ئۇرۇشىدا توغرا مەۋقە ئىزھار قىلدى. ئۇ ئىسرائىلىيەنىڭ خاماسنى يوقىتىدىغان ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقىنى قوللىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكا يەنە ئىسرائىلىيەدىن قوراللىق توقۇنۇشنىڭ (پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلماسلىق دېگەندەك) قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشىنى ئۈچۈق تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا يەنە پەلەستىن پۇقرالىرىغا ئىنسانىي ياردەم ئەۋەتتى.

لېكىن، مەن ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرق تىوغرىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تۇتۇمىنى تەنقىدلەيمەن. ئىران بۇ ھۇجۇملارنىڭ ئارقىسىدىكى كۈشكۈرتكۈچى كۈچتۇر. شۇنداقلا، بايدېن ئۇلارنى ھېسابقا تارقىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەمياد قىلغانىدى. لېكىن، مەن بايدېنىنىڭ بۇنداق نىيىتى بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھازىر ئىرانغا قارىتا تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ سىياسەت تامامەن مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، ئەمدى ئىرانغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

مەن يەنە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك خەلقئارالىق ئىنكاسلاردىن ئەنسىرەيمەن. خىتاي ئىككىنچى توماس ساھىلىنى (second Thomas Shoal) ئىگىلەپ، ئامېرىكا بىلەن فىلىپپىن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا قوغداش كېلىشىمىنى قوزغىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. مەن يەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەنكى، ئامېرىكا ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ قايىنمىغا پېتىپ قالسا، خىتاي (تەيۋەنگە) تاجاۋۇز قىلىش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ئېمما ئاشفورد: بىز بۇ مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ مۇھاكىمە قىلايلى. ئالدى بىلەن، مەنچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيەگە بەكلا يان بېسىپ كەتتى. ئەرەب دۆلەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى دۆلەتلەر ئامېرىكانى ئىككى يۈزلىمىچى دەپ ئەيىبلىدى. چۈنكى، ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنانى قارىقويۇق بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەنى

(تېخمۇ ۋەھشىيلەرچە) بومباردىمان قىلغانلىقىنى قوللىدى. ھۆكۈمەتنىڭ قىسمەن ئىنسانىي ياردەملەرنى بەرگەنلىكىدىن خۇشالمەن. لېكىن، بۇ ئاران بىرقانچە ماشىنا ياردەم، خالاس. ھازىر غەززەدە يېمەكلىك، سۇت پاراشوكى ۋە باشقا زۆرۈر بۇيۇملار تولىمۇ قىس.

ئىككىنچىدىن، مەزكۇر ھۇجۇملارنىڭ ئارقىسىدا ئىراننىڭ قوللىشى بارلىقىنى بىر نەچچە سائەتلەپ مۇنازىرە قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ھۇجۇملارنىڭ تېھران تەرىپىدىن قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپات يوق. بۇ يەردە تولىمۇ تېپىك ۋاكالەتچىلىك مەسىلىسى مەۋجۇت، دۆلەتلەر قوزغىلاڭچى گۇرۇپپىلارنى قورال-ياراغ ۋە پۇل-پۈچەك بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. لېكىن، كېيىن ئۇلارنى تىزگىنلەش تەسكە توختايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىراننىڭ بۇ يەردىكى مەسئۇلىيىتىنى يوققا چىقارمايدۇ. لېكىن، بۇ قېتىملىق ھۇجۇمغا بىۋاسىتە ئىران بۇيرۇق بەرگەندەك قىلمايدۇ.

مەنچە ھېچكىم ئىران بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ. يېقىندا ياۋروپا گۇرۇھى فوندى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكالىقلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتكە يېقىنى ئىران بىلەن يادرو پروگراممىسى ھەققىدە قايتىدىن سۆھبەتلىشىشنى خالايدىكەن.

ئاخىرقى نۇقتا، خىتاي مەسىلىسىدە پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن. خىتاي بۇ يەردە بىر پۇرسەت بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئامېرىكا زېھنىنى بەك كۆپ يەرگە چېچىۋەتتى. ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ كىرىزىس، شۇنداقلا ئۇكرائىنادا داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ «ئامېرىكا ھەممىگە قادىردۇر» دېگەن تەرغىباتىنى سىناققا دۇچار قىلماقتا. لېكىن، مەن سىزنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشنى داۋاملىق قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىرانغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىش ئارزۇسىنى قانداق باغلىغانلىقىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

مەسىۋ كرونىگ: ئامېرىكا ھەممىگە قادىر ئەمەس. ئەمما، ئۇ ھىندى-تىنچ ئوكيان، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئۈچ گېئوپولىتىك رايوندىكى ئاساسلىق توقۇنۇشلارنى چوقۇم ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە توسالايدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ئېمما ئاشفورد: يەنى ئامېرىكا بىرلا ۋاقىتتا مۇشۇ ئۈچ رايوندا ئۇرۇش قىلالامدۇ؟ مەنچە بىزنىڭ ھېچقاچان بۇنداق زور كۈچىمىز بولۇپ باققان ئەمەس، ھەتتا بىزنىڭ سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى يەكتا كۈچ بولغان چاغلىرىمىزدىمۇ شۇنداق.

مەسىۋ كىرونىگ: بىز ئىككى ئاساسلىق ئۇرۇش رايونىدا ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزۈپ، ئىرانى نىسبەتەن كىچىك ئامىل سۈپىتىدە بۇ پىلانغا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. مەن ۋە «ئامېرىكانىڭ ئىستىراتېگىيەلىك مەۋقەسى كومىتېتى»دىكى خىزمەتداشلىرىم بۇ ئاينىڭ بېشىدا دەل شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق.

لېكىن، چۆچۈتۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىقتىداردىن سىرت ئىرادىمۇ ناھايىتى مۇھىم. مەنچە بايدىنىنىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش، ئۇكرائىناغا ياردەم قىلىش مەسىلىسىدە زىيادە ئېھتىياتچانلىق قىلىش، ئىرانغا قارىتا تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى خامچوتىنى خىتاينى چۆچۈتكۈدەك سەۋىيەگە چىقارغىلى ئۇنىماسلىق قاتارلىق سىياسەتلىرى جاھان ئەھلىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئىرادىسىگە بولغان ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇردى. دىكتاتۇرلار شۇنى توغرا مۆلچەرلىدىكى، ئۇلار ئامېرىكانىڭ خۇيىنى تۇتقۇزۇپ قويمىسلا، خالىغانچە قاتىللىق قىلالايدۇ.

مەنچە ئامېرىكا چوقۇم ئىراندىن قاتتىق ئۆچ ئېلىپ، جاھان ئەھلىگە ئامېرىكانىڭ ھېلىھەم دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك. شۇنداقلا، ئۇ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ۋە رۇسىيە پىرىزدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىنىنىڭ كۆڭلىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ۋەھىمە سېلىشى كېرەك.

ئېمما ئاشفورد: راستىنى ئېيتسام، «بايدىن ئۇكرائىنا مەسىلىسىدە بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى» ياكى «دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى ئاشۇرغىلى ئۇنىمىدى» دېگەن گەپتىن تولىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى، بىز ھازىرغىچە ئۇكرائىناغا ئاللىقاچان 75 مىليارد دوللار قىممىتىدە قورال-ياراغ ئەۋەتىپ بولدۇق. ئامېرىكانىڭ بۇلتۇرقى دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى تىرىليون دوللارغا يېقىنلاشتى. بۇنىڭدىن سىرت، شۇنى سەمىڭىزگە سالماقچىمەنكى، بايدىن تېخى يېقىندىلا پارلامېنتتىن 106 مىليارد دوللارلىق قوشۇمچە خامچوت تەلەپ قىلدى.

لېكىن، ھازىرچە بۇ نۇقتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، چۆچۈتۈش ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقايلى. چۆچۈتۈشكە بەل باغلىغان بىلەنلا رەقىبنى چۆچۈتكىلى بولمايدۇ. رەقىبنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن چوقۇم ئىقتىدار بىلەن ئىرادە بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر سىزنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىڭىز ۋە ئىزھار قىلغان تۇتۇمىڭىز يېتەرلىك بولمىسا، ياكى سىز ئۆزىڭىز ئىزھار قىلغان مەۋقەگە سادىق ئەمەستەك كۆرۈنسىڭىز، ئۇ چاغدا يەنە بىر دۆلەتنى چۆچۈتۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيسىز.

سىزچە بولغاندا، ئامېرىكا چوقۇم دۇنيادا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارغا چات كىرىشى كېرەك. بولمىسا دىكتاتۇرلار بىزنى بوزەك چاغلاپ قالىدۇ. لېكىن، مەنچە بۇ نۇقتىئىينەزەر ھالقىلىق بىر تەرەپتە ئىناۋەتسىزدۇر. ئەگەر ئامېرىكا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا چات كىرىۋالسا، كۈچىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ-دە، دۈشمەنلەر بىزنىڭ چۆچۈتۈشىمىزدىن ھېيقماس بولۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز ھازىر دەل مۇشۇ خىل

ئەھۋالغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئامېرىكا ئىسرائىلىيەدىن غەززەگە ھۇجۇم قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش بىلەن ۋاقىتتا، توقۇنۇشنىڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەزكۇر رايونغا تېخىمۇ كۆپ ھەربىي كۈچ ئەۋەتمەكتە.

مەسىۋ كرونىگ: سىز «ئۆزىڭىز ئىزھار قىلغان مەۋقەگە سادىق ئەمەستەك كۆرۈنىسىز» دېگەن ھالقىلىق گەپنى قىلدىڭىز. دىكتاتۇرلار ھازىر «ئامېرىكا ھەيۋە قىلىپ قويغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپ قاراشماقتا. ئامېرىكانىڭ توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ كېتىشى توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرى خاتا. ئەگەر بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، جېدەل ئۇلغىيىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى كۆرمەسكە سالامدۇ؟ دۆلەت ئىچىدە قانۇن ئىجرا قىلغاندا، مەلۇم بىرەيلەن جىنايەت سادىر قىلسا، بىز يەنە بىر قېتىملىق جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى كۆرمەسكە سالامدۇق؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس! بىز ئوخشاش جىنايەتنىڭ يەنە بىر قېتىم سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جىنايەتچىلەرگە دادىل يۈزلىنىپ، ئۇلارنى جازالايمىز. بەزىدە توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى چارىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. ئامېرىكا ئىراننىڭ تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنى قوللىشىغا قارىتا دەل ئاشۇنداق مەۋقەدە بولۇشى كېرەك. مەزكۇر تېررورلۇق ھۇجۇمىدا 31 نەپەر ئامېرىكالىق جېنىدىن ئايرىلدى.

ئېما ئاشفورد: بۇ يەردىكى ئاساسلىق پەرق شۇكى، مەن چەكلىك ئىمكانىيىتىم ئارقىلىق ئوخشىمىغان رايونىدىكى ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىنى بىرلا ۋاقىتتا توسۇشقا ئۇرۇنمايمەن. شۇنداقلا، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ قولىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبا يوق.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://foreignpolicy.com/2023/10/27/united-states-middle-east-wars-asia-europe-same-time/#cookie_message_anchor

گۈلىستان



# كىتاب ئوقۇش سالامەتلىككە پايدىلىقمۇ؟

دوكتور كەريي كېنيديي

# كىتاب ئوقۇش سالامەتلىككە پايدىلىقمۇ؟

دوكتور كەربي كېنېدىي

(ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ستارشىي لېيتېنانتى، ھەربىي پسىخولوگىيە ۋە ھاۋامېدىتسىناسى پسىخولوگىيەسى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس)

ئۆز بەخت ـ سائادىتىمىز ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلار يەنە بەزى ئىشلارغا قارىغاندا قىيىنراق بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاسان ئىشلاردىن بىرىدۇر. سىرتتا ھاۋا تولىمۇ سوغۇق بولغان كۈنلەردە، سىز ئۆيىڭىزدە ئەڭ راھەت كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ، ئەڭ راھەت ئورۇندۇقىڭىزدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، كىتاب ئوقۇيالايسىز. كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن ئەزالىق سالاھىيىتىگە ياكى ئالاھىدە ئەسلىھەلەرگە ئېھتىياجىڭىز يوق.

تۆۋەندىكىلەر كىتاب ئوقۇشنىڭ سالامەتلىكنى ساقلاش ۋە ياخشىلاش جەھەتتىكى بىر قانچە تۈرلۈك شەكلىدۇر. بۇ يەردە گېپى بولۇنغاندەك ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىڭىز خالىغان مەزمۇندا، مەسىلەن، بېلىق تۇتۇش، ئىچكى ئۇرۇش ياكى قايسىدۇر ئۇتۇقلۇق مەشقاۋۇل توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز بولىۋېرىدۇ. كىتاب سىزنى قانچە قىزىقتۇرسا، ئۆزىڭىزگە قانچە بەك ئالاقىدار بولسا، پايدىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

## كىتاب ئوقۇش بېسىم يەڭگىللىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيەدۇر

كىتاب ئوقۇش سىزنى تاشقى دۇنيادىن ئالاقىنى ئۈزۈش ئارقىلىق بېسىم يەڭگىللىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، يېرىم سائەت كىتاب ئوقۇشنىڭ سۇبيېكتىپ بېسىم تۇيغۇسىنى (subjective feelings of stress)، قىسقىرىش مەزگىلىدىكى قان بېسىمىنى (systolic blood pressure)، كېڭىيىش مەزگىلىدىكى قان بېسىمىنى (diastolic blood pressure) ۋە يۈرەك رىتىمىنى يەڭگىللىتىشتىكى رولى يۇمۇر ۋە باشقا بېسىم يەڭگىللىتىدىغان ھەرىكەتلەرگە ئوخشاشلا ئۈنۈملۈك ئىكەن. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، كىتاب ئوقۇش ھەم جىسمانىي، ھەم پسىخولوگىيەلىك ساغلاملىقىڭىزغا پايدىلىقتۇر. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئەنئەنىۋى قەغەز كىتاب ياكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئوقۇش بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى تاللاشلاردۇر. ئەگەر سىز كومپيۇتېر، يانفون ياكى تاختا كومپيۇتېر (tablet)

ئارقىلىق كىتاب ئوقۇماقچى بولسىڭىز، باشقا ئەپلەرنى، ھەتتا مۇمكىن بولسا ئىنتېرنېتنى ئېتىۋېتىڭ. كىتاب ئوقۇغاندا دىققىتىڭىز باشقا ئىشلارغا چېچىلىپ كەتسە، كىتابنىڭ بېسىم يېنىكلىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

### كىتاب ئوقۇش مېڭە ساغلاملىقىنى قوغدايدۇ

يېشى ئاتمىش تۆت ياشتىن ئاشقان كىشىلەرگە قارىتىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھەپتىدە كەم دېگەندە بىر قېتىم كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىش ئېھتىماللىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدىكەن. بۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ 14 ـ يىلىغا كەلگەندە، مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى شۇنچە ياخشى قوغدالغان بولۇپ، بۇ خىل ئۈنۈم تاكى ئوقۇرمەنلەر سەكسەن ياشقىچە كىرگۈچە داۋاملاشقان. يەنە بىر تەتقىقاتمۇ كىتاب ئوقۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى قوغدايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، كىتاب ئوقۇيدىغانلار كىتاب ئوقۇمايدىغانلارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن. بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئۆمرى كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغان بولۇپ، «كىتاب ئوقۇشنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى قوغداش جەھەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمى» بۇنىڭ سەۋەبى دەپ قارالغان. يەنە بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان ئامىللار تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭكىدىن بارغانسېرى تۆۋەن بولغان.

### كىتاب ئوقۇش روھىي داۋالاش پىلانىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىي قىسمىدۇر

ھەممىگە مەلۇمكى، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق داۋالاش (Bibliotherapy) روھىي داۋالاش جەھەتتىكى قوشۇمچە مېتودلاردىن بىرىدۇر. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق داۋالاشتا ھەرقانداق تۈردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇ جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئۆز كەچمىشلىرىنى ياكى ئالاقىدار رومانلارنى ئوقۇشنى ئاساس قىلىش مۇۋاپىق. بۇ تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، چۈشكۈنلۈكنى، ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنى، تەشۋىشنى، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك توسقۇنلۇقىنىڭ (Obsessive ـ Compulsive Disorder ـــ بۇ خىل بىنورماللىقتا گىرىپتار بولغان كىشى مەنىسىز، شۇنداقلا كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان تەكرار ئوي ۋە قىلمىشقا مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئوي ۋە قىلمىشلارنى تەرك ئېتىشنى ئۈمىد قىلسىمۇ، لېكىن

بۇلارنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى تازىلىقتا ۋە تەكشۈرۈشكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش بولۇپ، ئەگەر بۇ خىل بىنورماللىقنىڭ ئالامەتلىرى ئېغىرلىشىپ ۋاقتىدا داۋالانمىسا كىشىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە خىزمىتىگە، ھەتتا نورمال تۇرمۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ت) ئالامەتلىرىنى، ئۇيقۇسىزلىقنى ۋە بېسىمنى پەسەيتىدۇ.

## ئۇخلاشتىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇش ئۇخلىشىڭىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ

كىتاب ئوقۇش باللار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك «ئۇخلاش ئالدىدىكى مۇراسىم» بولالايدۇ. قۇرامىغا يەتكەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا كىتاب ئوقۇش ئۇخلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى ئازايتىپ، ئۇيقۇ ۋاقتىنى ئۇزارتالايدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چوقۇم قەغەز كىتاب ئوقۇش كېرەك. تاختا كومپيۇتېردىن ياكى (يانفون دېگەندەك) باشقا كۆك نۇر مەنبەلىرىدىن كىتاب ئوقۇغان تەقدىردە، كىشىنىڭ ئۇيقۇغا كىرىشى تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ. مېلاتونىن ھورمۇنىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى ئازلايدۇ، شۇنداقلا، بۇ خىل ئەسۋابلاردىن كىتاب ئوبۇپ ياتقان كىشى كىشى سەھەردە خامۇش بولۇپ قالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، قەغەز كىتاب ئۇخلاشنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ياخشى تاللىشىڭىزدۇر. ئۇخلاشتىن بۇرۇن قەغەز كىتاب ئوقۇشتىن سىرت، كىتاب ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز ئوقۇغان كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئەسلەشنىڭمۇ ئۇخلاشقا پايدىسى بار. لېكىن، مەزمۇنى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان كىتابلار سىزنى ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن.

كىتاب ئوقۇشنىڭ سان ـ ساناقسىز پايدىلىرى بار. شۇنداقلا، كىتاب ئوقۇش تەننەرخى ناھايىتى تۆۋەن، ھەتتا ھەقسىز پائالىيەتتۇر. ئەرزان باھالىق ياكى ھەقسىز كىتابلارنى ھەممىلا يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكادا ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تاللاشتۇر. ئەگەر سىز بۈگۈنگىچە كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن بولسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ كىتابقا ئىشتىياق باغلىسىڭىز، يەنىلا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پايدىلارغا ئېرىشەلەيسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/alpha_blog_charlie/202309/does_reading_improve_health




# خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى قانۇنسىز ساقچى پونكىتلىرى

# خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى قانۇنسىز ساقچى پونكىتلىرى

**ئاۋستىرالىيە «60 مىنۇت» تېلېۋىزىيە پروگراممىسى قانىلى**

خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدە ھەرقانداق تەنقىدكە، جۈملىدىن ھەرقانداق تەرزدىكى ئۆكتىچىلىككە يول قويمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ھالبۇكى، ئەمدىلىكتە خىتاي باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنى ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن چېگرا ئاتلاپ ھەرىكەت قىلىشقا ھەقلىق دەپ قاراپ، «ساقچى مۇلازىمەتى پونكىتى» دېگەن نامدا چەتئەلدە قانۇنسىز ساقچى پونكىتلىرىنى قۇرماقتا.

گەرچە خىتاي دائىرىلىرى ئاۋستىرالىيەدە مۇشۇ خىل پونكىتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاۋستىرالىيەنىڭ قانۇن ئىجرائاتى ئاپپاراتلىرى بۇ خىل پونكىتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشماقتا. ھالبۇكى، خىتاينىڭ تەھدىت-پوپوزىلىرى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەستىن، خىتاي توغرىسىدا ھەقنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان ئاۋستىرالىيەلىكلەرمۇ خىتاينىڭ ئىنتايىن رەزىل ھۇجۇملىرىغا دۇچ كەلمەكتە.

خىتاي كومپارتىيەسىنى تەنقىدلەپ تۇرىدىغان ئاۋستىرالىيەلىك تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى ئەندرېۋ فېلىپ (Andrew Phelan) بىر كۈنى مېلبۇرندىكى ئۆيىدە تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنىپ، شۇ يەردىكى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ سوراق قىلىنغان. ئۇ «ئاۋستىرالىيەدىكى بىر خىتاي ئاخباراتچىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش ھەققىدە تەھدىت سېلىپ ئېلخەت يوللىغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن.

ھالبۇكى، ئەندرېۋ فېلىپ بۇ ئەيىبلەشنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالغان ۋە زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن. بۇ ئېلخەتتە ئىنتايىن قوپال، سەت گەپلەر قىلىنغان بولۇپ، ئەندرېۋ ئۆزىنىڭ ھاياتى بويىچە ھېچكىمگە قارىتا بۇنچىۋالا سەت گەپلەرنى ئىشلىتىپ باقمىغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىشنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى پىلانلىغان، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئاخىرىدا، ساقچىلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوراقتىن كېيىن، مەزكۇر تەھدىت ئېلخېتىنىڭ ئەندرېۋ تەرىپىدىن يوللانمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەرگەن.

ھالبۇكى، بۇ قورقۇنچلۇق كەچمىش ئەندرېۋغىلا خاس ئەمەس.

موناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچى، خىتاينى تەنقىدلەپ ئىككى پارچە كىتاب يازغان كېۋىن كارىكومۇ (Kevin Carrico) خىتاينىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ

نامىدىنمۇ ئاۋستىرالىيەدىكى خىتاي ئاخباراتچىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ھەققىدە تەھدىت سېلىپ ئېلخەت يوللانغان.

بۇنىڭدىن سىرت، «مەن موناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمىتىمدىن ئىستېپا بەردىم» دېگەن مەزمۇندىكى يەنە بىر ئېلخەت كېيىنىنىڭ نامىدىن ئۇنىڭ موناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىدىن يەتمىش كىشىگە يوللىنىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قولايسىزلىق تۇغدۇرغان.

خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇلغان 24 ياشلىق كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى درېۋ پاۋلوۋمۇ (Drew Pavlou) خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى زەربە نىشانلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇلتۇر، درېۋ خىتاينىڭ لوندوندىكى ئەلچىخانىسىنىڭ سىرتىدا نامايىش قىلىۋاتقاندا «خىتاي ئەلچىخانىسى پارتلىتىش ھەققىدە تەھدىت سېلىپ ئېلخەت يوللىغان» دەپ ئەيىبلەنگەن ۋە 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. گەرچە درېۋ بۇ ئەيىبلەشتىن ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە ئايدا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە تەھدىت سالغان قىرىق پارچىدىن كۆپرەك ئېلخەت تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇ ئېلخەتلەر يوللانغان IP ئادرېسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ياللانما ئەسكەرگە ئائىت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

ھەتتا، ئىش درېۋ بىلەنلا توگىمەستىن، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ «ئەللىك مىڭ دوللارغا قاتىل ياللاپ، سېنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى تەھدىت ئېلخەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا «پاھىشىخانا خوجايىنى، خىروئىن چەككۈچى» دەپ بەتنام چاپلىغان ئېلخەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرگە يوللانغان.

ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى خىتايدا يىگىرمە يىل ياشىغان، ھازىر با دىيۇۋساۋ (巴丢草) دېگەن نامدا شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي رەھبەرلىرىنى تېما قىلغان سىياسىي ھەجۋى رەسىملىرى بىلەن تونۇلغان ئاۋستىرالىيەلىك سەنئەتكارمۇ خىتاينىڭ ئېغىر تەھدىتلىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، بىرەيلەن ئۇنىڭغا تۇتېردا: «خىتاينىڭ خۇيىنى تۇتقۇزغان ھەرقانداق ئادەم قانچە يىراقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ تەھدىت سالغان.

با دىيۇۋساۋ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىنى قەتئىي ئاشكارىلىماسلىق شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۆيىنى «60 مىنۇت» پروگراممىسىنىڭ خادىملىرىغا كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش قىلمىشلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «خىتايدا پەۋقۇلئاددە مۇستەبىت بىر تۈزۈلمە بار، ھازىر بۇ خىل ۋەھشىيلىك پۈتكۈل دۇنياغا يامرىماقتا. خىتاي دائىرىلىرى ماڭا ‹ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشىڭنى توختاتمىساڭ، ساڭا زىنھار رەھىم قىلمايمىز› دېدى. يولدا ماڭا دائىم يوچۇن كىشىلەر ئەگىشىۋالدى. بىر قېتىم ئاپتوبۇستا ئوخشاش كىيىم كىيگەن، قۇلىقىغا سىمسىز تىڭشىغۇچ تاقىۋالغان، چىرايىدىن خىتايدەك كۆرۈنىدىغان تۆت ئادەم مېنى قورشىۋېلىشتى.»

خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەگە قاتتىق بېسىم قىلغانلىقى سەۋەبلىك، با ديۇۋساۋ ئۆز دۆلىتى بولغان ئاۋستىرالىيەدە كۆرگەزمە ئاچالماس ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، كۆرگەزمىسىنى پولشا قاتارلىق بىر قانچە ياۋروپا دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. يېقىندا، پولشادا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىسى ئۇنىڭ ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە كۆرگەزمىخانىدىن بۇ كۆرگەزمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، كۆرگەزمىخانا ۋەكىللىرى خىتاي تەرەپنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىپ، يەنىلا كۆرگەزمىنى ئۆتكۈزگەن.

شۇنداقلا، ئۇنىڭ خىتايدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق سوئال-سوراق قىلىنىنغان ۋە ئېغىر تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن. با ديۇۋساۋ ئۆزىمۇ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى سەۋەبلىك توختىماي بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن، شۇنىڭدىمۇ ئۇ تۈنتېردا ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ تۇرغان.

يۇقىرىقىلار خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆكتىچىلەرگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇش جۈملىسىدىن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇش قەبىھلىك ۋە ۋاستە تاللىماسلىق جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، خىتاي ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانۇنسىز ساقچى پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، چەتئەل زېمىنىدىكى ئۆكتىچىلەرنىمۇ جازالاشقا باشلىدى.

نۆۋەتتە گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان 21 ياشلىق ۋاڭ جىڭيۈ (Wang JingYu) بۇ ساقچى پونكىتلىرى ھەققىدە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە. ئۇ تۆت يىل ئىلگىرى توردا خوڭكوڭدىكى نامايىشلارنى قوللايدىغان يازما يوللىغاندىن كېيىن، ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلغاچقا، خىتايدىن قېچىپ گوللاندىيەگە كەلگەن. روتېردامدا پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتاي ساقچى پونكىتى ۋاڭ جىڭيۈنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، ئۇنى دائىم پاراكەندە قىلىپ تۇرغان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، گوللاندىيەدىكى ئاتالمىش «ساقچى مۇلازىمىتى پونكىتى»دىكىلەر ئۇنىڭغا ھەركۈنى، ھەتتا كېچىچە يۈز قېتىمدىن ئارتۇق تېلېفون قىلىپ، ئۇنى خىتايغا قايتىشقا قىستىغان. «ئۇلار مەندىن روتېردامدىكى خىتاي ساقچى پونكىتىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشنى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ۋە خىتايغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر مەن خىتايغا قايتسام، تۈرمىگە سولىنىشىم مۇمكىن» دەيدۇ ۋاڭ جىڭيۈ.

دەرۋەقە، ۋاڭ جىڭيۈنىڭ ئاتا-ئانىسى 2021-يىلى خىتايغا قايتقاندا قولغا ئېلىنىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە بۇ جەريانىدا خىتاي ساقچىلىرى داۋاملىق ۋاڭ جىڭيۈنى خىتايغا قايتىشقا قىستىغان.

لېكىن، ۋاڭ جىڭيۇ ئۆزىنىڭ بۇ بېسىملارغا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزى مۇرەسسە قىلغان تەقدىردە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ ئۇسۇل كارغا كېلىدىكەن دەپ قاراپ، باشقا ئۆكتىچىلەرگىمۇ تېخىمۇ رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خىتاينىڭ ھازىر 53 دۆلەتتە يۈزدىن ئارتۇق ساقچى پونكىتى بارلىقى ئېنىقلاندى. خىتاينىڭ ئۆزى ئېلان قىلغان ئۇچۇرلاردا، ئۇنىڭ ئاۋستىرالىيەدە ئىككى ساقچى پونكىتى بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئاۋستىرالىيە پارلامېنت ئەزاسى، پارلامېنتتىكى «چەتئەل مۇداخىلىسى مەسىلىلىرى كومىتېتى»نىڭ مەسئۇلى جېيمس پەتېرسون (James Patterson) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بىز شۇنداق بىر خەۋپكە دۇچ كەلدۇقكى، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى ئاۋستىرالىيە زېمىنىدا ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىسىز يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر مەسىلىدۇر. شۇنى ئېنىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، دۆلەت چېگرامىز (يەنى ئىگىلىك ھوقۇقىمىز) ھەققىدە يول قويۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ھېچكىم دۆلىتىمىزگە كېلىپ، بۇ يەردە قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى قىلسا بولمايدۇ. چەتئەل ساقچى تارماقلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيەدە ھەرقانداق شەكىلدە ئالاقە پونكىتى قۇرۇشى تامامەن قانۇنسىزدۇر.»

خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۆزى بۇ خىل ئاتالمىش «ساقچى مۇلازىمىتى پونكىتلىرى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، «جېجياڭ سۈنئىي ھەمراھ قانىلى» 2018-يىلى سىدنېي شەھىرىنىڭ مەركىزىي سودا رايونىدا تۇنجى ساقچى مۇلازىمىتى پونكىتىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى پەخىرلىنىش ئىلكىدە جاكارلىغان.

نۆۋەتتە، خىتاينىڭ جېجياڭ ئۆلكىسى ۋېنجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋانكوۋېر، سىدنېي، پارىژ ۋە نيۇيورك قاتارلىق 11 شەھەردە يىگىرمە «ئالاقە نۇقتىسى» تەسىس قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتوڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ ئاۋستىرالىيەدە ساقچى پونكىتى تەسىس قىلغان.

ھالبۇكى، خىتاي دائىرىلىرى بۇ پونكىتلار توغرىسىدا خەۋەرلەردىن نومۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ پونكىتلارنىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىغا «قولايلىق يارىتىش»، شۇنداقلا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن قېچىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، بۇ پونكىتلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ رۇخسىتىسىز قۇرۇلغانلىقى بۇلارنىڭ تامامەن قانۇنسىز مۇئەسسەسەلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالاقىدار پاكىتلارنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ساقچى دائىرىلىرى خىتاينىڭ ساقچى پونكىتلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيەدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقى بايقالسا، بۇنىڭ زىنھار قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان قىلمىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي دائىرىلىرى ئېلان قىلغان ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلگەن سىدنېيدىكى ساقچى پونكىتىنىڭ ئادرېسى «60 مىنۇت» پروگراممىسىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن ئايلارچە تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، نەتىجىدە مەزكۇر ساقچى پونكىتى جايلاشقان تۇرالغۇنىڭ خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا يوشۇرۇن ساقچى پونكىتلىرى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن تەشكىلاتنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقان.

ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى يوللۇقلاشتۇرۇش مەۋقەسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سابىق خىتاي سىياسەتچى ۋىكتور گاۋ (Victor Gao) چەتئەلدىكى بۇ پونكىتلارنىڭ خىتاي پۇقرالىرىنىڭ پراۋىسىنى يېڭىلاش ياكى ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىش دېگەندەك ئېھتىياجلىرىغا قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ خىل ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشنىڭ تولىمۇ يوللۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇ مۇخبىرنىڭ: «ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتايدا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان پونكىتلىرى يوق؟ بۇ تامامەن ئارتۇقچە ئىش ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالىغا «مەن ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىل مۇلازىمەتلەرنىڭ خىتاي پۇقرالىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بۇ دۆلەتلەر ئالاقىدار خۇسۇسلاردا خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسا، تولىمۇ ياخشى ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن رادىكال ۋاستىلەرنى قوللىنىشىنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك» دېگەن.

بۇ يىل 4-ئايدا، FBI مەنخاتوندىكى بىر خىتاي ساقچى پونكىتىنى تاقىغاندا، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ساقچى پونكىتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر دۇنيا تاراتقۇلىرىدا بەس-بەستە خەۋەر قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر ئىزچىل ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://youtu.be/7L9ubuwBDkI?si=gKKCUAzmgyjNQnUG


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئەنسىز خىياللارنى
تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي چارلەر
ئېلزابىت مەكماھون

# ئەنسىز خىياللارنى تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي چارىلەر

دوكتور ئېلىزابېت مەكماھون
(تەشۋىشكە مۇپتىلا بولغان بىمارلارنى داۋالاش جەھەتتە قىرىق يىللىق تەجرىبىگە ئىگە پسىخولوگ)

ئەندىشە، قورقۇنچ ياكى چۆچۈش قاتارلىق ھېسسىياتلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، بۇرمىلانغان ئوي-خىياللارنى تىزگىنلەش بەسى مۈشكۈل.

تەشۋىشكە مۇپتىلا بولۇشتىن ئىلگىرى، ھېسسىي مېڭىڭىز بىلەن ئەقلىي مېڭىڭىزنى ئۆزئارا سۆھبەتلەشتۈرۈڭ.

«ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلى سىزنىڭ ئەندىشە ۋە ۋەھىمىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىز بۇرمىلانغان ياكى «غەيرىي ئىدراكىي» خىياللارنى باستۇرغاندا، تەشۋىشنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ۋۇجۇدىڭىزدىكى ئەنسىزلىك تەپەككۇرىڭىزنى تىزگىنلىۋالغاندا، مەنتىقىلىق تەپەككۇردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بەدىنىڭىز ۋە ھېسسىياتىڭىز «سەن خەتەر ئىچىدە» دېگەن يەكۈننى چىقارغاندا، ئەقلىي جەھەتتە «مەن ھېس قىلىۋاتقان خەۋپ ئاساسسىزدۇر، قورقۇشقا ھاجەت يوق ياكى زىيادە ئەندىشە قىلىپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن تونۇشقا كېلىشنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق.

## ئىنساننىڭ ئىككى مېڭىسى

بادام مېغىزى يادروڭىز (amygdala ــ چېكە ياپراقچىسىنىڭ ئالدى ئۇچىدىكى كۈل رەڭ تۈگۈن) ياكى ھېسسىي مېڭىڭىز (reacting brain) سىزنى تەھدىتكە ئۇچرىدى دەپ قارىسا، بۇنىڭغا دەرھال ئاپتوماتىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ خىل ئىنكاس جايىنى تاپقاندا، پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ھەتتا

ھاياتىڭىزنى قوغدىۋالالايدۇ. لېكىن، بۇ جەھەتتىكى مەسىلە بۇ مېڭىنىڭ زىيادە ئىنكاسچانلىقى، زۆرۈرىيەتسىز قايغۇ، قورقۇنچ ياكى تەشۋىشنى غىدىقلايدىغانلىقىدۇر.

مېڭىڭىزنىڭ يۇقىرىقى قىسمى (يەنى ھېسسىي مېڭە) قانچە بەك تەرەققىي قىلغان بولسا، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىڭىز (cerebral cortex) ياكى ئەقلىي مېڭىڭىز (thinking brain) شۇنچە كىچىك بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ مېڭىنىڭ ئىنكاسى ھېسسىي مېڭىنىڭكىدىن ئاستا بولىدۇ.

ھېسسىي مېڭىنىڭ ئىنكاسى (ئەقلىي مېڭىنىڭكىدىن) تېخىمۇ تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، بەدىنىڭىزدە ئادرېنالىن (adrenaline ــ بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى) كۆپلەپ ئاجرىلىپ چىقىدۇ-دە، بەدىنىڭىز بۇنىڭغا قارىتا ئۇرۇشقا ياكى قېچىشقا تەييارلانغاندەك ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

كاللىڭىزغا «خەتەرلىك!!!» دېگەن ئۇچۇر كەلگەن ھامان، سىز ئەنسىرەيسىز ياكى قورقىسىز ۋە كاللىڭىز دۇچار بولغۇسى تەھدىتلەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇ سىرتتىن بىرەر تەھدىتنى تاپالمىسا، بەدەن تۇيغۇڭىزنى (physical sensation)، ئوي-خىياللىرىڭىزنى ياكى ھېسسىياتىڭىزنىڭ ۋەزنىنى خەتەرلىك، دەپ قاراشقا باشلايدۇ.

ئۇشبۇ ھېسسىي قۇيۇننى (emotional whirlwind) تىزگىنلەش بەسىي مۇشكۇل. سىزنىڭ ئاللىقاچان ھەرىكەتكە ئۆتكەن ھېسسىي مېڭىڭىزگە قۇلاق سېلىنىشى كېرەك، ئەمما مەزكۇر مېڭىڭىز ئۆزى ھەم (پاكىتلارغا، رېئاللىققا) قۇلاق سېلىشى كېرەك. ئەقلىي مېڭىڭىزمۇ نوقۇل ھالدا خەتەر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىشى كېرەك.

بۇ ئىككى مېڭىڭىز ئۆزئارا سۆھبەتلىششى كېرەك. ئەگەر سىز تەمكىن تۇرغان چېغىڭىزدا بۇنداق قىلىشنى مەشىق قىلسىڭىز، تەشۋىشلەنگىنىڭىزدە، بۇ ئىككى مېڭىڭىزنىڭ «پىكىر ئالماشتۇرۇشى» كۆپ ئاسانغا توختايدۇ.

مەزكۇر ماقالە سىزگە قورقۇنچ ۋە قايغۇغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇلاق سېلىشنى، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى ۋە قايتىدىن باھالاشنى ئۆگىتىدۇ.

### ئىككى مېڭىڭىزنىڭ سۆھبەتلىششىگە ياردەم قىلىڭ

تەشۋىش بىلەن پاكىت ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى ستونلۇق، بىر قانچە قۇرلۇق جەدۋەلدىن بىرنى سىزىڭ. سول تەرەپتىكى ستونغا «قايغۇلار، قورقۇنچلار، چۈشكۈن خىياللار» دەپ ئىسىم قويۇڭ. ئوڭ تەرەپتىكى ستونغا «رېئاللىق، پاكىت، مەنتىقە، نۇقتىئىينەزەر» دەپ ئىسىم قويۇڭ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇي ـ خىياللىرىڭىزنى جەدۋەلگە قوشالىشىڭىز ئۈچۈن، جەدۋەلنى كومپيۇتېردا تۈزۈڭ.

ھېسسىي مېڭىڭىزدىكى تەشۋىشنى بايقاش، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىشەنچلىك ۋە ئۆزىڭىزنى قايىل قىلارلىق تەرزدە سوئال قويۇش كۆرۈنگىنىدەك ئاسان ئىش ئەمەس. تۆۋەندىكىلەر بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئۈچ چارىدۇر.

**بىرىنچى چارە: تەشۋىشنى باستۇرۇشتىن ئىلگىرى قۇلاق سېلىڭ**

ئالدى بىلەن، سول تەرەپتىكى ستوننى تولدۇرۇڭ! بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئەگەر سىز دەسلەپتە ئوڭ تەرەپتىكى ستوننى تولدۇرۇپ، قايغۇلىرىڭىزغا «رەددىيە» بېرىشكە ئۇرۇنسىڭىز، ھېسسىي مېڭىڭىز ئۆزىگە «قۇلاق سېلىنمىغان»دەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز دىيالوگىنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكىدەك ئايىغى چىقماس تالاش ـ تارتىشنى باشلىغان بولىسىز.

ھېسسىي مېڭە: بۇ خەتەرلىك!

ئەقلىي مېڭە: ياق، ئۇنداق ئەمەس!

ھېسسىي مېڭە: شۇنداق!

ئەقلىي مېڭە: ئۇنداق ئەمەس!

ھېسسىي مېڭە: قەتئىي خەتەرلىك!

ئەقلىي مېڭە: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

بۇنداق تالاش ـ تارتىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

ئۆز كەچمىشلىرىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ. سىز تەشۋىشلەنگەندە ياكى قورققاندا ۋە كىشىلەر سىزگە: «غەم قىلماڭ، قورقماڭ!» دېگەندە، سىز بۇنداق گەپلەرگە قايىل بولامسىز ياكى ھېسسىياتىڭىزغا ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلاق سېلىنمىغاندەك ئويلامسىز؟

ھەتتا، ئىككى مېڭىڭىزدىن بىرى ئەتراپتا تەھدىت يوقلۇقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنە بىر مېڭىڭىز يەنىلا تەھدىت بار دەپ قاراۋېرىدۇ. شۇڭا، ھېسسىي مېڭىڭىزنى قورقۇتقان ياكى قايغۇغا سالغان ھەرقانداق نەرسىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىڭ.

### ئىككىنچى چارە: تەپسىلاتلارنى بىلىك

تەشۋىشكىز سىزگە «مەن دېگەندەك قىلمىساڭ چوقۇم مۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئىش زادى نېمە؟ ئەگەر سىز قورقۇنچىڭىز ياكى تەشۋىشىڭىز بويىچە ئىش قىلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى قورقۇتقان ئەھۋالنى تەرك ئەتمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ساقلانمىسىڭىز نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئەگەر سىز ئۆز ئىنكاسىڭىزغا قارىتا سەگەكلەشمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا قارشى زەربىگە ئۆتمىسىڭىز نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ سىز «خەتەردىن ئامان قېلىش» ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

قورقۇنچ ياكى قايغۇ سىزگە تەلقىن قىلغان («مۇنداق قىلمىساڭ، مۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك) بارچە «ۋەسۋەسە»لەرنى ئوچۇق قىلىپ يېزىپ چىقىڭ.

### ئۈچىنچى چارە: مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىك

قورقۇشقا لايىق ئىشلار زادى قايسىلار؟ قايسى خىل يوشۇرۇن كۆز قاراشلار ۋەھىمىنى نورمال ئىنكاسقا ئوخشاش تۇيۇلدۇرىدۇ؟ ئۆتمۈشتىكى قايسى پايدىسىز ساۋاقلار نۆۋەتتىكى ئەندىشىگە سەۋەب بولىدۇ؟

ئىپادىلەنمىگەن بۇ پەرەزلەرنى ۋە كۆز قاراشلارنى يېزىپ چىقىڭ. قورقۇنچىڭىز ئۆزىڭىز، باشقىلار، ئەھۋالاتلار ياكى دۇنيا توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى يېزىپ چىقىڭ.

جونسون ئىزچىل ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدىن ۋە ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى، بىز تۆۋەندە ئۇنىڭغا ئالاقىدار دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىمىز.

ئۇ كالللىسىغا ئەڭ ئاسان كېلىدىغان ئەندىشىلەرنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باللارنى خورلايدىغان، هاراقكەش دادىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولۇش جەريانىدا ئالغان ساۋاقلىرى ھەققىدە ئويلاندى ۋە ئىلگىرىكى پەرەزلەرنىڭ ئۆزىدىكى ۋەھىمىنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بۇ خىل ئومۇمىي كۆز قاراشنىڭ نە قەدەر ئاسانلا كونكرېت ئەندىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ!

### جونسوننىڭ دىيالوگ جەدۋىلى

ئۇ «قايغۇلار، قورقۇنچلار، چۈشكۈن خىياللار» دېگەن ستونغا مۇنۇلارنى يازدى:

ماشىنامدا چوقۇم ئېغىر چاتاق بار.

ماشىنىدىن چىققان ھەرقانداق ئاۋاز بىرەر چاتاق بارلىقىدىن ۋە مېنىڭ ۋەقەگە ئۇچرايدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەن تېخنىك خادىمغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ چوقۇم بەزى مەسىلىلەرنى كۆزدىن قاچۇردى.
مەن چوقۇم ھەرۋاقىت بولغۇسى خەتەرگە قارىتا سەگەك تۇرۇشۇم كېرەك.

سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ «ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ.

**خۇلاسە**

قورقۇپ كەتكەن چاغدا مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىش بەسي مۈشكۈل. سىز چوقۇم ئالدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىڭىز كېرەك. «ۋەھىمە ۋە پاكىت» تېمىسىدىكى دىيالوگ جەدۋىلىنى تۈزۈش مېڭىنىڭ ئىككى بۆلۈمىنىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىشىگە ۋە بىر-بىرىنىڭ خىتابىغا قۇلاق سېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئىشنى «قۇلاق سېلىش»تىن باشلاڭ. تەپسىلاتلارنى يېزىپ چىقىڭ ۋە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە قاراڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https: //www. psychologytoday. com/intl/blog/overcoming-anxiety-and-panic/202309/practical-tips-on-changing-anxious-thoughts



# تەمكىن بولۇش ھەققىدە

دوكتور مۇھەممەد ئارىفى

# تەمكىن بولۇش ھەققىدە

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىي

مېنىڭ شۇنداق بىر ھېكايەم بار.

بىر قېتىم سەھراغا بارغانىدۇق. يېنىمىزدا ئەبۇ خالىد بار ئىدى. بۇ قېرىنىدىشىمىزنىڭ كۆزى تازا ياخشى كۆرمەيتتى. بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئالدىغا سۇ، خورما ۋە قەھۋە ئەكېلىپ بېرەتتۇق. ئۇ: «مەنمۇ سىلەرگە ياردەم قىلىشىم كېرەك. سىلەر بىلەن بىللە ئىش قىلغۇم بار، ماڭىمۇ بىرەر ئىش بېرىڭلار» دەيتتى. لېكىن، بىز ئۇنى جاپاغا سېلىشنى خالىمايتتۇق.

بىز بىر قوينى بوغۇزلاپ، گۆشلىرىنى پارچىلىدۇق، ئاندىن ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن قازانغا سالدۇق. چېدىر قۇرۇشقا ۋە لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەييارلاشقا باشلىدۇق. ئەبۇ خالىدنىڭمۇ جىم تۇرغۇسى كەلمەي، بىزگە ئىش قىلىشىپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. كاشكى، ئۇنداق قىلمىغان بولسا ئىدى. ئۇ گۆش قايناۋاتقان قازاننىڭ يېنىغا بېرىپ، قازاندىكى گۆشنى كۆرۈپ، قازانغا سۇ قۇيۇش كېرەككەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن ماشىنىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ماتىلاشقا باشلاپتۇ. ماشىنىدا گېنېراتور، توك سىمى، لامپۇچكا، شۇنداقلا سۇ ۋە بېنزىن قاچىلانغان تۆت پىلاستىك باك بار ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن باكنى ئېلىپ خۇشال ھالدا قازاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىكى «سۇ»نىڭ يېرىمىنى قازانغا تۆكۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئارىمىزدىن بىرەيلەن ئۇنى كۆرۈپ: «ياق، ياق، ئەبۇ خالىد، ئۇنداق قىلما!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بولسا غېمىدە يوق: «بولدى قىلىڭلار، مېنىمۇ ئىش قىلغىلى قويۇڭلار» دېدى.

بىز دەرھال باكنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدۇق. ئاندىن ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. چۈنكى، ئۇ سۇ دەپ ئويلاپ بېنزىن باكنى ئالغانىدى. نەتىجىدە چۈشلۈك تاماقتا نان بىلەن چاي ئىچتۇق. لېكىن سەپىرىمىزنىڭ پەيزى قاچمىدى. ئەكسىچە، بۇ ئەڭ كۆڭۈللۈك سەپەرلىرىمىزدىن بىرسى بولۇپ قالدى.

نېمىشقا ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قىينىغۇدەكمىز؟

يەنە بىر ھېكايە

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دوستلىرىم بىلەن ئوينىغىلى چىققان ئىدىم. ماشىنىلاردىن بىرىنىڭ ئاككۇمۇلياتورى بۇزۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ماشىنا تېپىپ كېلىپ، ئىككىنچى ماشىنىنىڭ ئاككۇمۇلياتورىدىن بۇزۇلغان ئاككۇمۇلياتورغا توك ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. دوستىمىز تارىق ئىككى ماشىنىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، توك سىمىنى ئاۋۋال ئىككىنچى ماشىنىنىڭ ئاككۇمۇلياتورىغا، ئاندىن بۇزۇق ئاككۇمۇلياتورغا چاتتى. ئاندىن ئۇ ئاغىنىلەردىن بىرىگە ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. بىر دوستىمىز ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا بىرىنچى خوتتا ئىدى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇشىغىلا، ماشىنا دەرھال ئالدىغا ئېتىلدى-دە، تارىقنىڭ تىزى ئىككى ماشىنىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالدى ۋە يەرگە يىقىلدى. ماشىنىدىكى دوستىمىز بولسا بۇلارنى كۆرمىگەنلىكتىن: «يەنە! يەنە!» دەپ ۋارقىرايتتى.

ئىككى ماشىنىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ، تارىقنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇق. ئۇنىڭ تىزى بەكلا ئاغرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاقساپ مېڭىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇنچە ئاغرىققا قارىماستىن، ۋارقىراپ-جارقىرىماسلىقى، كىملەرنىدۇر تىللاپ-قارغىماسلىقى، ھەتتا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشى مېنى تولىمۇ مەمنۇن قىلدى. دېمىسىمۇ ۋارقىراپ-جارقىرىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟! بولغۇلۇق بولدى. ماشىنىدىكى دوستىمىزمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى بىلدى.

ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىڭ: ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارغا پەرۋا قىلماڭ.

گاھىدا بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپ، ئۆزىمىزنى بىئارامچىلىققا دۇچار قىلىمىز، ئازابلايمىز. لېكىن، ئازابلىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ-دە!

بىر توي زىياپىتىگە ناھايىتى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، بېشىڭىزغا دوپپىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، تويى بولغان يىگىتتىنمۇ كېلىشكەن ھالدا بارغانلىقىڭىزنى پەرەز قىلىڭ. كىشىلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول كۆرۈشۈشكە باشلىدىڭىز. تۇيۇقسىز ئارقىڭىزدىن بىر كىچىك بالا كېلىپ، سەكرەپ چىققىنىچە بېشىڭىزغا بىرنى ئۇرۇپ، دوپپىڭىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى. چاچلىرىڭىز چۇۋۇلۇپ، تۇرقىڭىز ھەجۇى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىسىز؟

كۆپىنچىمىز بۇ مەسىلىگە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلىمىز. يەنى شۇ بالىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايمىز، ۋارقىرايمىز، ئۇنى تىللايمىز، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيمىز. نەتىجىدە، ئۇ بالا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، پاتپاراقچىلىق پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. بالا شۇ تەرىقىدە باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ. بەلكىم ئالىلىكىملەر ئۇنىڭ رەسىمىنى تارتىپ بىر بىرىگە يوللىشى مۇمكىن. دېمەك، سىز بۇ يەردە بالىنى ئەمەس، ئۆز-ئۆزىڭىزنى قىينىغان، ئۆزىڭىزنى جاپاغا سالغان بولىسىز.

ياكى مۇنداق بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

يېڭى بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدىڭىز، بەلكىم ئۇنى ئېسى ئېلىپ، تېخى پۇلىنى تۆلەشكىمۇ ئۈلگۈرمىدىڭىز. ئاندىن مەلۇم ئىش بىلەن بىر شىركەتكە باردىڭىز. يېڭىدىن سىرلانغان ئىشىكنىڭ يېنىدا دىققىتىڭىزنى تارتمىغان بىر ئەسكەرتىش تاختىسى بار ئىدى. لېكىن، سىز تاختىنى كۆرمەيلا ئىشىكتىن ئالدىراش ئۆتتىڭىز.

ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكتىكى سىر كىيىمىڭىزگە سۇۋاشتى. تېخى بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، ئۇ ئىشىكنى سىرلىغان ئىشچى غەزەپلەنگەن هالدا سىزگە ۋارقىراپ، سىزنى تىللاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىسىز؟

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەسىلىگە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلىمىز. مەسىلەن، غەزەپلىنىپ ھېلقى ئىشچىنى تىللايمىز. «نېمەدەپ كۆزگە ئوچۇق كۆرۈنگۈدەك تاختا قويۇپ قويمىدىڭ؟» دەپ كايىيمىز. ئۇ ھەم غەزەپلەنگەن ھالدا بىزگە گەپ ياندۇرىدۇ، نەتىجىدە جېدەل چىقىشى مۇمكىن.

ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. (كەلسە-كەلمەس ئاچچىقلىنىش، تېرىكىش ئارقىلىق) ئۆز-ئۆزىڭىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

يەنە مۇنداق ئەھۋالمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن:

چىرايلىق كىيىنىپ، بىر قىزغا توي تەكلىپ قويغىلى باردىڭىز. قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يېنىڭىزدىن بىر ماشىنا ئۆتۈپ، يولدا يىغىلىپ قالغان يۇندىنى ئۈستى-بېشىڭىزغا چاچرىتىۋەتتى. بۇ ئەھۋالدىمۇ ئۆز-ئۆزىڭىزنى قىينامسىز؟ ماشىنىغا ۋە شوپۇرغا ۋارقىرىپ-جارقىرامسىز؟ ھالبۇكى، ئۇ ئاللىقاچان كېتىپ قالدى.

ھاياتتا بېشىمىزغا كەلگەن ئەلەملەرنى ھەردائىم ئەسلەپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ھاياتىدا قايغۇلۇق پەيتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ سۆيۈملۈك ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭدىن: «سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۇھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىر كۈن كەلگەنمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇھۇد كۈنى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق كۈن ئىدى ھە؟!

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان تاغىسى ھەمزە شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇ كۈنى ئۇ سۆيۈملۈك تاغىسىنىڭ جەسىدىگە يولۇققىنىدا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى، قۇلاقلىرىنىڭ يۇلۇۋېلىنغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ يېرىۋېتىلگەنلىكىنى ۋە بەدىنىنىڭ پارچىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەنىدى.

ئۇ كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشلىرى سۇنۇپ، يۈزى يارىلانغان ۋە قاناپ كەتكەنىدى. بۇ كۈنى بەزى ساھابىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى ۋە ئۇ مەدىنىگە يەتمىش ساھابىسىدىن ئايرىلغان ھالدا قايتقانىدى.

ئۇ تۇل ئايالللارنىڭ ۋە يېتىم بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ۋە دادىلىرىنى ئىزدىگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇ ھەقىقەتەن مۇشكۈل ۋە ئېچىنىشلىق بىر كۈن ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاۋابىنى ساقلاۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز: «ئەقەبە كۈنى قەۋمىڭىزدىن كۆرگەنلىرىم ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىدى» دەپ گەپ باشلاپ، تائىفلىقلاردىن ياردەم سورىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى، نائەھلى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ پۇتى قاناپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا تاش ئاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز شۇنچە ئازابنى كۆرگەن بولسىمۇ، شۇ سەۋەبلىك ھاياتىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى خالىمىغانىدى. ئازابلار يوقىلىپ، ياخشى نەرسىلەر قالغانىدى.

شۇنداق بولغانىكەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى قايغۇ بىلەن تولغىشتۇرۇۋالماڭ. باشقىلارنىمۇ قايغۇ ۋە ئەيىبلەش بىلەن ھالاك قىلماڭ.

گاھىدا بىز مەسىلىلەرگە شۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. ئەھنەف ئىبنى قەيس بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئۆز قەۋمىگە بەدىنىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ياكى نەسەبىنىڭ ئۇستۇنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەۋرچانلىقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن سەردار بولغانىدى.

ھالبۇكى، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا غۇمى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئۆزى ئىچىدىكى بىر يالقاۋنى تېپىپ، «بەنى تەمىمنىڭ سەردارى ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالساڭ، ساڭا مىڭ دىنار بېرىمىز» دېيىشتى.

ھېلىقى يالقاۋ ئەھنەفنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بەزى كىشىلەر بىلەن، تەمكىن ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەھنەف ئىككى تىزىنى مەيدىسىگە تىرىگىنىچە دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھېلىقى يالقاۋ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە ئەھنەفنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئەھنەف ئۇنىڭ دەيدىغان مەخپىي گېپى بار ئوخشايدۇ دەپ، بېشىنى ئۇ تەرەپكە ئەگدى. ھېلىقى يالقاۋ قولىنى كۆتۈرۈپ ئەھنەفنىڭ يۈزىگە شۇنداق قاتتىق بىر شاپىلاق سالدىكى، ئەھنەفنىڭ ئېڭەك سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

ئەھنەف ئۇنىڭغا قارىدى-يۇ، ئەمما ئورنىدىن قىمىرلىماپمۇ قويمىدى ۋە تەمكىنلىك بىلەن: «مېنى نېمىشقا ئۇردۇڭ؟» دېدى. ھېلىقى يالقاۋ: «بەزى كىشىلەر ماڭا بەنى تەمىمنىڭ سەردارىنى بىر شاپىلاق ئۇرۇش بەدىلىگە مىڭ دىرھەم بەرگەنىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھنەف: «لېكىن سەن بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلماپسەن، مەن بەنى تەمىمنىڭ سەردارى ئەمەسمەن» دېدى. ھېلىقى يالقاۋ: «توۋا! ئۇنداقتا بەنى تەمىمنىڭ سەردارى زادى كىم؟» دېدى.

ئەھنەف: «ئاۋۇ يەردە قىلىچىنى يېنىغا قويۇپ، يالغۇز ئولتۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. ئەھنەف كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ئىسمى ھارىسە ئىبنى قۇدامە بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىقى يامان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى شۇ قەدەر يامان ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بىر قەۋمگە تارقاتسا، ئۇلارغا يېتىپ

ئاشاتتى. ھېلىقى يالقاۋ «ئۇنى كۆردۇم» دېۋىدى، ئەھنەف: «ئۇنداق بولسا، بېرىپ ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغىن. ئۇ بەنى تەمىمنىڭ سەردارىدۇر» دېدى.

ھېلىقى يالقاۋ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ھارىسەنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. لېكىن، تولا ئەپسۇس، ئۇنىڭ قولى ھارىسەنىڭ يۈزىدىن ئاجرىماي تۇرۇپلا، ھارىسە دەرھال قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنى چېپىۋەتتى. كونىلارنىڭ بىر گېپى بار:

كېيىن كۈلگەن كىشى قاقاھلاپ كۈلەلەيدۇ.

خۇلاسە

مەسىلىگە ناتوغرا ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، پەقەت كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەزىيەت بېرىدۇ.

دوكتۇر مۇھەممەد ئارىفىينىڭ «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى




# بىز ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسىغا تەييارمۇ؟



لۇيس رېنې پېرېس

# بىز ئىككىنچى قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا تەييارمۇ؟

پروفېسسور لۇيىس رېنې بېرېس
(پېردۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا قانۇن پەنلىرى پروفېسسورى بولۇپ،
ئۆز ساھەسىدە 12 پارچە كىتاب يازغان)

«ھەقىقەت ھەققىدە ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە بىلىشنىمۇ خالىمايدىغان غەيرىي پەلسەپىۋى روھ ھەقىقىي دۈشمەندۇر.» — كارل جاسپېرس

دەسلەپكى چوڭ ۋابا (1 ـ قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى) ھەم ئىلىم ـ پەن، ھەم پەلسەپە كرىزىسى ئىدى. گەرچە روشەن كرىزىس تەھدىتى بىيولوگىيەلىك — ۋىرۇسنى ئاساس قىلغان پاتالوگىيە ۋە ئۇنىڭ تۇغۇندى زىيانلىرى — بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئىستراتېگىيەلىرى تۈرلۈك غەيرىي ئىدراكىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدە، ئىلىم ـ پەنگە قارشى بىر تەرەپلىمىلىك كارل جاسپېرس تەرىپىدىن «غەيرىي پەلسەپىۋى روھ» (unphilosophical spirit) دەپ ئاتالغان بىر دۈشمەننى ئاشكارىلىدى. 20 ـ ئەسىردىكى پەيلاسوپلارنىڭ تەبىرىگە كۆرە، بۇ خىل كىشىنى چۆچۈتىدىغان روھ ھەقىقەت توغرىسىدا «ھېچنەرسىنى بىلمەي»لا قالماستىن، يەنە «ھېچنەرسىنى بىلىشنىمۇ خالىمايتتى.»

1 ـ قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا نىسبەتەن، بۇ خىل پەرۋاسىز روھ ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، ئومۇميۈزلۈك ۋە (ھەربىي تەبىر بويىچە ئېيتقاندا) «كۈچى ھەسسىلەنگەن» (force ـ multiplying) ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى تىبابەت ساھەسىدىكى لاياقەتلىك، نوپۇزلۇق مەنبەلەرگە پىسەنت قىلىنماسلىقى ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھېلىھەم مۇشۇ خىل تۇتۇمنى داۋاملاشتۇرماقتا.

بىز قانداقسىغا بۇنداق بولۇپ قالدۇق؟ سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، چوڭقۇر تەپەككۇردىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان چۈشەندۈرۈشلەر ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ھەرۋاقىت مۈشكۈل ۋەزىيەتتۇر. دەرۋەقە، مىليونلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانىنى ۋە (نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارغا بولغان) باغلىنىشىنى چوڭ بىلىدۇ. ئەمما، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇ ھېسسىياتلار قانداقتۇر ئالىي مائارىپنىڭ ئۆزىنى چوڭ كۆرگەنلىك بولماستىن، كەسپىي ھاياتتا ئېرىشىلىدىغان نەپ ياكى تەنتەربىيە كوماندىسىغا بولغان ساداقەتكە ئالاقىدادۇر. ئۆزۈن ئۆتمەيلا، خېلى كۆپ ئادەمدىن تەشكىل تاپقان بۇ «ئاز سانلىقلار»غا

نىسبەتەن، ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇش ۋە ماسكا تاقاشقا بولغان ئېھتىمالىي بىزارلىق تىبابەت ئىلمىنىڭ پاكىتلىق يەكۈنلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلىشى مۇمكىن.

«ترامپ دەۋرى»دىن بۇيان ئەھۋال ھېچقانچە ئۆزگەرمىدى. لېكىن، كرىزىس ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقەتەن ھامىنى ئۆزىنىڭ «گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى»دۇر (exculpatory). «ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى» توغرىسىدىكى ھەرقانداق توغرا ھۆكۈم يەنىلا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان، ئىلىم-پەنگە تايانغان بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق دۆلەتتە تارىخ ۋە ئەقىل-ئىدراك كامىل رەۋىشتە پەخىرلىنىلگەن چاغلار بولغان. بۈگۈن، يەنە بىر قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى پارتلىشى مۇمكىن بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيت ئەنە شۇنداق چاغلاردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئامېرىكادا، شۇنداقلا جەمئىيەتنى ئۈنۈملۈك دىيالېكتىك مائارىپنىڭ ئۇستىگە قۇرغان ھەرقانداق مىللىي دۆلەتتە سىياسەت رېئاللىققا قارىتا بېكىتىلىدۇ. بىزنىڭ كوللېكتىپ ھالدا بۇ ھالقىلىق چەكلىمىنى تونۇپ يەتكىلى ئۇنىماسلىقىمىز سەۋەبلىك، ئالدىنقى قېتىملىق ۋابادا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئامېرىكالىق ھاياتىدىن ئايرىلدى (يەنى بىز ماسكا تاقاشنى، ۋاكسىنا ئۇرغۇزۇشنى خالىمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك، دۆلەتنىڭ سىياسىتىمۇ شۇنىڭغا قارىتا بېكىتىلدى-دە، بىز بۇ سەۋەبلىك ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدۇق، ت). سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ سان ۋېيېتنام ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

گەرچە ھازىر دونالد ترامپ تەختتىن چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى دەسلەپتە پرېزدېنتلىق ماقامىغا چىقارغان قوپال، چېكىندۇرگۈچى كەيپىياتلار يەنىلا پەسەيمەي داۋاملاشماقتا. شۇڭا، بىز نۆۋەتتە ھېلىھەم ئەقلىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا بەل باغلىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، يېقىنقى مەغلۇبىيىتىمىزنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن ياكى يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك تالاپەتكە ئۇچراشتىن ھەيران بولماسلىقىمىز كېرەك. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بايلىق ۋە «مۇۋەپپەقىيەت»كە بولغان جەلپكار تەلەپنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئامېرىكالىقلارنىڭ ھاياتىدىكى ئالىي غايىگە ئايلىنىشىغا يول قويۇلدى. نەتىجىدە، تولىمۇ تەبىئىي ھالدا، بۇ خىل «غەيرىي پەلسەپىۋى» تەلەپلەرنىڭ يۇقىرى بەدەللىك خام خىياللار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

بۈگۈن، بولغۇسى «ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى»غا دۇچ كېلىۋاتقان ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىقى ھېلىھەم ئەكسىلئىدراكىيلىق (anti_reason) ۋە نائىلمىيلىكتىن، يەنى «ھەقىقەت توغرىسىدا ھېچنەرسىنى بىلىشنى خالىمايدىغان»، «غەيرىي پەلسەپىۋى روھ»تىن مەنبەلەنگەن. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىلگىرىكى جىپسىلاشقان خىلمۇخىل ئىقتىسادىي ئىزاھاتلارمۇ مەۋجۇت. ئامېرىكانىڭ پاراۋانلىقى ۋە «دېموكراتىيە»سى ئىنچىكە پىلانلانغان ئىستېمال تۈتۈمىدىن مەنبەلەنگەن. دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاسانلا جەزملەشتۈرگىلى بولىدىغان بۇ مەنبەدە، «ئامېرىكادا، نېمە سېتىۋالساڭ، سەن شۇ» (you are what you buy — بۇ كىشىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ ئىستېمال

ئەندىزىسىگە باغلىق بولغان، يۇقىرى ئىستېماللىق كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى، ئەكسىچە بولغاندا ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولىدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ، ت) دېگەن يەكۈن بىزنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىمىزغا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە ئاممىۋى ساغلاملىق مەغلۇبىيەتلىرى ئەكسىلئىدراكىي تۇرمۇش پائال رىغبەتلەندۈرۈلگەن جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بىر ئامېرىكالىقنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەرقانداق مۇۋاپىق ھۆكۈمدىن بارلىققا كەلگەن ئىدراكىي ئۆلچەم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ روشەن «كوللېكتىپ خاھىش»قا قارىسىغا بويسۇنۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئامېرىكادا، بۇ خىل پەرەزىي «خاھىش» كۆپىنچە ھاللاردا «ئاما»نىڭ قالايمىقان ئىستىكىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. بۇ «مۇشۇ خىل ئەكسىلئىدراكىي ئىستەك تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان بارلىق ئەقلىي مەسىلىلەرگە ئورتاق تەدبىقلىنىدۇ» دېگەنلىك بولماستىن، «ئەقلىي پائالىيەتتىن كۈتۈلگەن مەنپەئەت <بەكلا نەزەرىيىۋى> كۆرۈنگەندە، بۇلار (يەنى ئاشۇ خىل ئەكسىلئىدراكىي ئىستەكلەر) ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

لېكىن، مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بۈگۈنكى ئامېرىكا سىياسىتىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرغىنى قانداقتۇر ئۆزگىنىشكە، ئىلگىرىلەشكە ياكى مەۋجۇتلۇققا بولغان مۇۋاپىق قىزىقىش بولماستىن، شەخسنىڭ قەدىرسىزلىكىگە بولغان، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قورقۇنچتۇر. گەرچە بۇ خىل قورقۇنچلۇق قەدىرسىزلىك پرىزدېنتلىق قاتلىمدا ئەڭ روشەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل قەدىرسىزلىك كوللېكتىپ ھالدا، ھەتتە پۈتكۈل دۆلەت بويىچە ھېس قىلىنىشى مۇمكىن. قايسى خىل ئەھۋال كۆرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئېنىق مەنبەسى ئىنسانلارنىڭ «قەدىرلەنمەسلىك ياكى خالانماسلىق»قا بولغان مۇئەييەن، چوڭقۇر قاتلاملىق ئەندىشىسىگە ئالاقىداردۇر. باشقا ئامىللاردىن سىرت، مەزكۇر ئەندىشىلەر بۇ دۆلەتنىڭ (يەنى ئامېرىكانىڭ) ئەڭ مۇھىم سەھىيە سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇسى ۋاباسىغا قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىشتىن ئىلگىرى، ساپ ئىلىم-پەن ۋە ئىدراك روھى چوقۇم ئومۇملىشىشى كېرەك. توختىماي كاسىلدايدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋە چالا ساۋات سىياسەتۋازلارنىڭ ۋاتىلداشلىرى جۇلۇقىمىزنى چىقىرىۋەتكەن بولغاچقا، پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان پاراسەت ۋە جاسارەت ئامىللىرى بىزنى رىغبەتلەندۈرەلمەس بولۇپ قالدى. شۇنىسى مەسخىرىلىككى، بىز «سىياسەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان ئاساسىي قانۇنىمىز ئاممىنىڭ تامامەن غەرەزلىك كۆزگە ئىلماسلىق قىلمىشلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماقتا» دېگەن رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتىمىز. كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بۇ زەربىلەر سابىق دۆلەت باشلىقىنىڭ، «مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان» ، شۇنداقلا ھېسداشلىق،

ئىلىم-پەن ياكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا ئائىت ھەرقانداق ئىشارەتتىن يىرگىنىدىغان سابىق پرىزدېنتنىڭ پەلىپەتىش ھۇجۇملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، دونالىد تىرامپ قانۇن، پاراسەت ۋە مۇستەقىل تەھلىلچان تەپەككۇر توغرىسىدىكى ئىدراكنى ئاساس قىلغان ئويلىنىشلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئامېرىكاغا نىسبەتەن، بۇ ھېلىھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەن ۋە كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىرىكمىدۇر. ترامپنىڭ قالايمىقانچىلىققا تولغان، شەخسىيەتچى پرىزدېنتلىق مۇددىتىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ شەخسىي مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ تىبابەت ئىلمىگە بولغان بىمەنە پوزىتسىيەسىگە ياندىشىپ كەلدى. قەدىمكى پەيلاسوپلار: «بىمەنە بولغاچقا، ئىشىنىمەن» دېيىشكەنىكەن.

بىرىنچى قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى بىلەن ترامپ دەۋرىدىكى چېكىنىشنىڭ ئورتاق تەسىرىدە شەكىللەنگەن قورقۇنچنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز يۈزەكى ئويلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق بولمايدۇ. ھەتتا ھازىرمۇ، ئامېرىكادا ھەقىقىي رەۋىشتە تەپەككۇر قىلىشنى خالايدىغانلار يىراق تارىخىي دەۋرگە تەۋە نەپىس ھۈنەر بۇيۇملىرىدىنمۇ ئازدۇر. نۆۋەتتە ئامېرىكا «ئامىمىسى» شەخسىي جاسارەت ۋە ھەقىقىي ئۆگىنىشكە ھەرقانداق چاقىرىقىدىنمۇ بەكرەك قېرىق بولۇپ، ئۇلار ئۆزىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ھېچقانداق روشەن ئىستەكنى ئىزھار قىلغىنى يوق. ترامپ دەۋرىدىن كېيىنمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى بىزنى زىيانغا ئۇچراتماقتا ۋە بۇ زىيانلار سىياسەت تەرىپىدىن تېزلىتىلمەكتە.

شائىر T.S ئېلىيوت بۈگۈنكى ئامېرىكا جەمئىيىتىنى «كاللىسى سامان بىلەن تولغان ...» دەپ سۈپەتلىگەن بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە غەزەپلەنگەن ئامېرىكا «ئامىمىسى»نىڭ كەلگۈسىدىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ بېشارەتلىرى بىلەن ماس قەدەمدە، روھسىز ھالدا ئىزچىل ئارقىغا چېكىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بايقىغان بولاتتى. ئاندىنچۇ؟ بىزنىڭ كونكرېت سىياسىي خاھىشىمىزنىڭ ياكى پارتىيەگە بولغان ساداقىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېرىپ جۈلۈقى چىققان خەلقىمىز يەنىلا غايەت زور ۋە شەپقەتسىز دۆلەت «ماشىنىسى»نىڭ تىنىمسىز رىتىمىنى بىر تەرەپ قىلىشقا موھتاج. ئەگەر تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولغان «تەبىئىي ئەقىل» بولمىسا، سۈنئىي ئەقىل (Artificial intelligence) بىزنى ھەرگىز قۇتقۇزالمايدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئەسلى بۇنىڭدىن پەرقلىق بولالايتتى. بىر مەھەل، بىز «ئاما»نىڭ بىر پارچىسى بولۇشتىن ھالقىغان شەخسلەرنى تەربىيەلىگۈدەك ئۆزگىچە يوشۇرۇن كۈچىمىزنى نامايەن قىلغانىدۇق. ئاندىن، ۋالف ۋالدو ئېمېرسون (Ralph Waldo Emerson) بىزنى «ئەخلاقىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەن، ئەكسىلئىدراكىي» ياكى «قورقۇپ، تىترەپ تۇرغان» ئەمەس، بەلكى «تىرىشچان ۋە ئۆزىگە تايىنىدىغان» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. فرېدرىك نىتچى (Friedrich Nietzsche) ئامېرىكالىقلارنى «تاغدا ياشاشنى ئۆگىنىش»كە (يەنى تەپەككۇرغا ھېرىس كىشىلەرگە ئايلىنىشقا) ئۈندىگەن بولاتتى. لېكىن، بۈگۈن پۈتكۈل دۆلەت تولىمۇ تۆۋەن يۈكسەكلىككە مەجبۇرىي رازى بولماقتا.

نىتچى «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسىرىدە ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ «بازار»دا «ئۇستۇن ئادەم» ئىزدىمەسلىكى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ (يەنى «بازار») دەل ئامېرىكالىقلار دونالد ترامپنى تۇنجى قېتىم بايقىغان جايدۇر. بىز ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇسغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 2024-يىلى (دىكى پرىزدېنتلىق سايلىمىدا) نامزاتنى باشقا جايدىن ئىزدىشىمىز لازىم. ئامېرىكانىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك پرىزدېنتى مەيلى دېموكرات ياكى جۇمھۇرىيەتچى، ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇل-پۇچەك ۋە سودا-تىجارەتكىلا كۆڭۈل بۆلسە بولمايدۇ. ئۇ چوقۇم بارلىق ئىشلاردا ھەقىقەتتىن ئازدۇر-كۆپتۇر خەۋەردار بولۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك.

ئامېرىكا ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسىغا دۇچ كەلگەندە يۈزلىنىدىغان يادرولۇق دۈشمەن ھەرقانداق مۇئەييەن شەخس ياكى ئىدىئولوگىيە ئەمەس، شۇنداقلا مۇئەييەن بىرەر پارتىيەمۇ ئەمەس، ئەكسىچە بىز، يەنى خەلقتۇرمىز. نىتچىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «سەن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئۆزۈڭسەن. سەن غاردا ياكى ئورماندا ئۆز-ئۆزۈڭگە بۆكتۈرمە قۇرۇپ ياتقان بولىسەن.» بىز يەنىلا ئۆز-ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىمىزغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسىغا قارشى تۇرۇشقا سەل قارىماقتىمىز.

بىز «بەردەم ئىندىۋىدۇئالىزم»دىن قاتتىق پەخىرلەنسەكمۇ، ئەمما بىز ئامېرىكالىقلار قانداقتۇر ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىنسانلار ئەمەسمىز. بىز نادانلارچە، چاكىنا نەرسىلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈۋاتىمىز. خەتەر ئىچىدە قالغان ئامېرىكادا ھېلىھەم ھاماقەت ناخشىلار، مەھسۇلاتلارنى نومۇسسىزلارچە ماختاپ-ئۇچۇرۇپ سېتىش قىلمىشلىرى يامراپ تۇرماقتا. دەرۋەقە، بىز ئاخىرىدا ئۆزىمىزگە شۇ سوئالنى قويۇشىمىز كېرەككى، ئەجەبا ئۇزۇندىن بۇيان ئاشۇنداق ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇپ كەلگەن بۇ دۆلەتنىڭ ئۆزگىنىشتىن ۋاز كېچىش، تىنىمسىز تەقلىدچىلىك ۋە سودىنى ئىككىلەمچىلەشتۈرۈشتىن باشقا ھېچبىر ئىشى يوقمۇ؟ بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تاللىشىمىز بارغانسېرى ئازايماقتا.

ئىككىنچى قېتىملىق تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى بىلەن بولغۇسى كۆرەش بىرىنچى قېتىملىق ۋابادىكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بىزنىڭ مىللەت ۋە دۆلەت سۈپىتىدىكى قۇتۇلۇشىمىز «ئاما»دىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش زور تىببىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھالقىلىق ئىلمىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭمۇ تەڭ رويابقا چىقىشى شەرت.

ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەن دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى توغرىلاشنىڭ چارىسى بار. ئەمما، بىز يەنىلا غەيرىي ئىدراكىي ۋە تەپەككۇرنى يەكلەيدىغان ئىدىئولوگىيەلەرگە چىڭ يېپىشۋالساق، بۇ چارە كارغا كەلمەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://moderndiplomacy.eu/2023/10/04/science-philosophy-and-truth-are-we-prepared-for-covid-ii/


كۆڭۈل ۋە تەن
ئۇششاق ئادەتلەرنى بوش چاغلىماڭ
جېيمس كىلر

# ئۇششاق ئادەتلەرنى بوش چاغلىماڭ

## جېيمس كىلىيېر

(بۇ ماقالە «Atomic Habits» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاب «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا، ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنى پۈتتۈرىدىغان كۈنۈم كالتەك توپ پالىقى يۈزۈمگىلا ئۇرۇلغان ئىدى. ساۋاقدىشىم كالتەك توپ پالىقىنى ناھايىتى كۈچەپ ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، پالاق قولىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇچۇپ كەلگەن پېتى قاڭشىرىمغىلا تەگكەن بولدى. مەن كالتەك يۈزۈمگە تەگكەن ئاشۇ پەيتنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن.

كالتەك توپ يۈزۈمگە تەگكەن ھامان، بۇرنۇمنى ئېزىپ «U» شەكىللىك قىلىپ قويغان ئىكەن. (كالتەك توپ پالىقىنىڭ) غايەت زور زەربە كۈچى سەۋەبلىك، مېڭەمنىڭ يۇمشاق توقۇلمىسى باش سۆڭىكىمگە سوقۇلۇپ، مېڭەمنىڭ ئىچكى قىسمى شۇ ھامانلا ئىششىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئاشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە بۇرنۇمنىڭ كۆمۈرچىكى ۋە باش سۆڭىكىمنىڭ بىرقانچە يېرى سۇنۇپ، كۆز چانىقىم ئۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، كىشىلەرنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى، ئالدىراپ ماڭا ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بېشىمنى تۆۋەن قىلىشىمغا، كىيىمىدىكى قان داغلىرى كۆزۈمگە چېلىقتى. بىر ساۋاقدىشىم بۇرنۇمدىن توختىماي ئېقىۋاتقان قاننى توختىتىش ئۈچۈن، كۆينىكىنى سېلىپ ماڭا بەردى. مەن ئەينى ۋاقىتتا چۆچۈپ كەتكەن ۋە گاڭگىراپ قالغان بولسامۇ، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئېغىر يارىلانغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

مۇئەللىم مۈرەمدىن قۇچاقلىغىنىچە، مەن بىلەن بىللە مەكتەپنىڭ شىپاخانىسىغا باردى. بۇ مۇساپە تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى. بىز ئېتىزدىن ئۆتۈپ، تاغ باغرىدىن چۈشۈپ، ئاخىرىدا مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. مېنى يېقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ، يول بويى كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ مېنى يۆلىشىپ تۇرۇشتى. بىز ئالدىرىماي مېڭىۋاتاتتۇق. بۇ ۋاقىتتىكى ھەربىر مىنۇتنىڭ ھايات-ماماتقا ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىز شىپاخانىغا بارغاندىن كېيىن، سېستىرا مەندىن بىر قاتار سوئاللارنى سورىدى:

- بۇ قايسى يىل؟

- 1998-يىلى، - دېدىم مەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ 2002-يىلى ئىدى.

- ئامېرىكانىڭ پرېزىدېنتى كىم؟

- بىل كلىنتون، - دېدىم مەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدىكى پرېزىدېنت جورج W بۇش ئىدى.

- ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

- ھىم ... ھە ...

مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي ئون سېكۇنتتەك تۇرغاندىن كېيىن «پاتى» دەپ جاۋاب بەردىم. ئەمما، مەن ئاپامنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئېلىشىمغا ئون سېكۇنت كەتكەنلىكىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدىم.

بۇ مەن ئەسلىيەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى سوئال ئىدى. مېڭەم شىددەت بىلەن ئىششىۋاتاتتى. بەدىنىم ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولۇپ، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىشتىن ئىلگىرىلا ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇلار مېنى مەكتەپتىن يەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشىپتۇ.

دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بەدىنىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ فۇنكسىيەسى ئاجىزلىشىشقا باشلاپ، يەقەت يۇتۇش ۋە نەپەسلىنىش دېگەندەك بەزى ئۇللۇق فۇنكسىيەلىرىملا ساقلىنىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم تۇتقانلىقىم قوزغىلىپتۇ، ئاندىن تامامەن نەپەستىن قالغانلىقىم ئۈچۈن، دوختۇرلار ماڭا ئوكسىگېن بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك دوختۇرخانىدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئۈسكۈنىلەر كەمچىل دەپ قاراپ، سىنسىناتىدىكى تېخىمۇ چوڭ دوختۇرخانىغا يۆتكەش ئۈچۈن تىك ئۇچار چاقىرىپتۇ.

مەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن جىرغا (نوسىلكا) بىلەن ئەچىقىلىپ، كوچىنىڭ قارشىسىدىكى تىك ئۇچار سۇپىسىغا ئاپىرىلىپتىمەن. ئوڭغۇل-دوڭغۇل پىيادىلەر يولىدا جىرغىدىن غىچىلداپ ئاۋاز چىقىپتۇ. بىر سېستىرا مېنى ئىتتىرىپ مېڭىپتۇ، يەنە بىر سېستىرا ماڭا ئوكسىگېن بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئاپامنىڭ دوختۇرخانىغا كەلگىنىگە بىر نەچچە مىنۇتلا بولغان بولۇپ، ئۇ تىك ئۇچارغا چىقىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. مەن پۇتكۈل سەپەر جەريانىدا ئىنچىكىل ھوشسىز ھالەتتە ياتقان بولۇپ، ئۆزۈم نەپەس ئالالماپتىمەن. ئاپام تىك ئۇچار ئايروپىلاندا ئىنچىكىل قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

ئاپام مەن بىلەن تىك ئۇچار ئايروپىلانغا چىققاندا، دادام ئىنىم ۋە سىڭلىمغا قاراش ئۈچۈن ئۆيگە قايتىپتۇ ۋە بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ كۆز ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ، سىڭلىمغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ سەككىزىنچى يىللىقنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن، ئۇ ئىنىم بىلەن سىڭلىمنى يېقىنلىرىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ماشىنا ھەيدەپ سىنسىناتىغا مېڭىپتۇ.

بىز چىققان تىك ئۈچار دوختۇرخانىنىڭ ئۆگزىسىگە قونغاندا، يىگىرمىگە يېقىن دوختۇر-سېسترالاردىن تەشكىل تاپقان بىر ئەترەت يۈگۈرگىنىچە قونۇش سۇپىسىغا كېلىپ، مېنى زەربىگە ئۇچرىغان بىمارلار ياتىدىغان ياتاققا ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، مېڭەم بەكلا ئىششىپ كەتكەن بولغاچقا، تاشقى زەربە مەنبەلىك تۇتقاقلىق بىر قانچە قېتىم قوزغىلىپتۇ. سۇنغان سۆڭەكلىرىمنى جايىغا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولسىمۇ، ئۇ چاغدىكى بەدەن ئەھۋالىم دەماللىققا ئوپېراتسىيە قىلىشقا يار بەرمەپتۇ. يەنە بىر قېتىم تۇتقاقلىق قوزغالغاندىن كېيىن — بۇ شۇ كۈنى ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىشى ئىكەن — مەن سۈنئىي هوشسىزلاندۇرۇلۇپتىمەن (Induced coma — ناركوزچىنىڭ ناركوز مىقدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق، بىمارنى چوڭقۇر دەرىجىدە ناركوزلاپ، شۇ ئارقىلىق «هوشسىز» هالەتتىكى بىمارنىڭ يارىلانغان چوڭ مېڭىسىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ت) ۋە ماڭا نەپەسلىنىش ماشىنىسى سەپلىنىپتۇ.

بۇ دوختۇرخانا ئاتا-ئانامغا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، بىز بۇ دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە كەلگەنىدۇق. ئەينى چاغدا ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن سىڭلىمغا ئاق قان كېسىلى دەپ دىياگنوز قويۇلغانىدى. ئۇ چاغدا مەنمۇ ئاران بەش ياشقا كىرگەن، ئىنىم ئالتە ئايلىق بولغانىدى. سىڭلىم ئىككى يېرىم يىل خىمىيەلىك داۋالانغاندىن كېيىن، ئومۇرتقىغا سانجىپ تەكشۈرۈش ۋە يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىردەك هالدا سىڭلىمنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىنى كۆرسەتكەچكە، ئۇ خۇشال-خۇرام، ساغلام هالدا دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ، راك (يەنى ئاق قان كېسىلى)تىن قۇتۇلغانىدى. هالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئون يىل نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاتا-ئانام ئوخشاش دوختۇرخانىغا يەنە بىر قېتىم — ئەمما باشقا بالىسى ئۈچۈن — قەدەم قويۇۋاتاتتى.

مەن هوشسىز ياتقان مەزگىلدە، دوختۇرخانا ئاتا-ئانامغا تەسەللى بېرىشكە بىر پوپ بىلەن بىر نەپەر ئىجتىمائىي خىزمەتچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى سىڭلىمنىڭ ئاق قان كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى كەچتىمۇ دەل شۇ پوپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتىلگەنىكەن.

كۈن پېتىپ، كەچ كىرىپتۇ. مەن تۆرلۈك ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمىدە جان ساقلاشنى داۋاملاشتۇرۇپتىمەن. ئاتا-ئانام دوختۇرخانىدىن بەرگەن ماتراس ئۈستىدە تولىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە يېتىپ، پات-پاتلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئاپام كېيىن ماڭا: «ئاشۇ كېچە هاياتىمدىكى ئەڭ مۈشكۈل كېچە ئىدى» دېگەنىدى.

## ئەسلىگە كېلىش جەريانىم

تەلىيىمگە، ئەتىسى ئەتىگەندە، نەپەسلىنىش ئەھۋالىم ئازدۇر-كۆپتۇر ياخشىلانغاچقا، دوختۇرلار مېنى سۈنئىي ھوشسىزلىق ھالىتىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ دەپ قاراپتۇ. ھوشۇمغا كەلگىنىمدە، پۈراش سېزىمىمنى يوقاتقانلىقىمنى بايقىدىم. بىر سېسترا ماڭا قارىتا سىناق ئىشلەپ، مېنى ئاۋۋال مىشقىرىشقا، ئاندىن ئالما سۈيىنى پۇراشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا، پۈراش سەزگۈم ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، مىشقىرغان ۋاقتىمدا كۆز چانىقىمدىكى بوشلۇقتىن ھاۋا كىرىپ كەتكەچكە، سول كۆزۈم پولتىيىپ قالدى-دە، قاپىقىمغا، شۇنداقلا كۆز ئالمىسى بىلەن مېڭەمنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆرۈش نېرۋىلىرىغا تايىنىپ، سىرتقا چىقىپ كەتمەستىن ئارانلا مۇقىم تۇردى.

كۆز دوختۇرى كۆزۈمنىڭ ئىچىدىكى ھاۋانىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، كۆزۈمنىڭ ئەسلى ئورنىغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا زادى قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئوپېراتسىيەم شۇنىڭدىن بىر ھەپتە كېيىنكە ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، ئەسلىمگە كېلىشىمگە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت بار بولدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يۈز-كۆزۈم يەنىلا ئىششىق بولۇپ، قارىماققا بوكس مۇسابىقىسىدە يېڭىلگەن كىشىگە ئوخشاپ قالغانىدىم. لېكىن، دوختۇر دوختۇرخانىدىن چىقسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇرنۇم ماكچايغان، يۈز سۆڭىكىم ئالتە يەردىن سۇنغان ۋە سول كۆزۈم پولتىيىپ چىققان ھالەتتە ئۆيگە قايتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي تولىمۇ تەسكە توختىدى، گويا ھاياتىمدىكى ھەممە نەرسە توختاپ قالغاندەكلا ئىدى. بىر قانچە ھەپتىدىن بۇيان كۆزۈمدە ئىزچىل قات تەسۋىر (double vision) بار ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەن بىر نەرسىلەرنى تۆت كۆرەلمەيتتىم. شۇ تەرىقىدە بىرەر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆزۈم نورمال ئورنىغا قايتىپ كەلدى. كۆزۈمنىڭ مەسىلىسىدىن سىرت، پات-پاتلا تۇتقاقلىق قوزغىلىپ تۇراتتى. ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندە، مەن ئاندىن ماشىنا ھەيدىيەلىدىم. فىزىكىلىق داۋالىنىش مەزگىلىدە، مەن يەنە تۆز سىزىقنى بويلاپ مېڭىش قاتارلىق ئۇللۇق ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى مەشىق قىلدىم. يارىلانغانلىقىم سەۋەبلىك تۆگىشىپ كەتمەسلىككە بەل باغلىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ، پات-پاتلا چۈشكۈنلىشىپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالاتتىم.

بىر يىلدىن كېيىن، توپ مەيدانىغا قايتقىنىمدا، تولۇق ئەسلىمگە كېلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بارلىقىنى ئازاب ئىلكىدە تونۇپ يەتتىم. ئۇزۇندىن بۇيان، كالتەك توپ تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ئىدى. دادام ئىلگىرى سانت لۇيىس قىزىل قۇشقاچ كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئامېرىكا كالتەك توپ بىرلەشمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئايلانما مۇسابىقىسىدە (minor league) ئوينىغانىدى. مېنىڭمۇ كەسپىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. مەن بىر قانچە ئايلىق ئەسلىگە كېلىش جەريانىدا ھەممىدىن بەك توپ مەيدانىغا قايتىشنى ئويلىغانىدىم.

لېكىن، مېنىڭ توپچىلىق ھاياتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم ئاسانغا توختىمىدى. يېڭى توپ مەۋسۇمى باشلانغاندا، مەن مەكتەپنىڭ كالتەك توپ كوماندىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بىردىنبىر تولۇق ئوتتۇرا

ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىكىلەر بىلەن توپ ئويناشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدىم. مەن تۆت يېشىمدىن باشلاپلا كالتەك توپ ئويناپ كەلگەنىدىم. بۇ تەنھەرىكەت ئۈچۈن مۇشۇنچە كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلغان بىرەيلەن ئۈچۈن، كوماندىدىن چىقىرىۋېتىلىش كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نومۇس ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋال تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يىغلىغاچ، قۇلاققا ياققۇدەك بىرەر نەرسە ئاڭلاش ئۈچۈن رادىيو قاناللىرىنى توختىماي يۆتكىگەنىدىم.

مەن بىر يىل شۇ تەرىقىدە تېڭىرقاپ يۈرگەندىن كېيىن، كېيىنكى يىلى تولۇق ئوتتۇرا تۆتىنچى يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈپىتىدە مەكتەپ كوماندىسىغا قايتىدىن كىردىم، لېكىن مېنىڭ مەيدانغا چىقىش پۇرسىتىم تولىمۇ ئاز بولدى. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسىدا ئارانلا 11 نۆۋەت ئوينىغان بولۇپ، ھەممىنى يىغساق ئاراق بىر مەيدان مۇسابىقىگە توغرا كېلەتتى.

گەرچە مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمدا ئالقىشلىغۇدەك ئىشلار يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا كاتتا تەنھەرىكەتچى بولالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. شۇنداقلا، مەن يەنە شۇنىمۇ ياخشى بىلەتتىمكى، ئەگەر مەن ۋەزىيەتنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىمەن دېسەم، بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى مەن يارىلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى مەن دېنىسون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندە مەيدانغا كەلدى. بۇ بىر يېڭى باشلىنىش ئىدى. مەن كىچىك ئادەتلەرنىڭ ھەيران قالارلىق كۈچىنى دەل مۇشۇ يەردە بايقىدىم.

## مەن ئادەتنى قانداق چۈشەندىم؟

دېنىسون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش مەن ھاياتىمدا چىقارغان ئەڭ ئاقىلانە قارارلاردىن بىرى ئىدى. مەن بۇ مەكتەپنىڭ كالتەك توپ كوماندىسىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشتىم. گەرچە يېڭى ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىسمىم تىزىملىكنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا بۇنىڭدىن قاتتىق خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. تولۇق ئوتتۇرا ھاياتىم ئېگىز-پەسلىككە تولغان بولسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا ئالىي مەكتەپ تەنھەرىكەتچىسىگە ئايلانغانىدىم.

مەن دەرھال كالتەك توپ كوماندىسىغا كىرمەيتتىم. شۇڭا، ھەممىدىن تەخىرسىزى تۇرمۇشۇمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. تەڭتۇشلىرىم كېچە-كېچىلەپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقاندا، مەن ساغلام ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى بالدۇرلا ئۇخلىدىم. ئالىي مەكتەپنىڭ ياتىقىدىن ئىبارەت بۇ قالايمىقان مۇھىتتا، مەن ئۆز ھۇجرامنى پاكىز-رەتلىك تۇتۇشقا تىرىشتىم. گەرچە بۇ خىل ئىلگىرىلەشلەر ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ماڭا تۇرمۇش رىتىمىنى ئۆزۈم

تىرگىنلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن قايتىدىن ئۆزۈمگە ئىشىنىشكە باشلىغانىدىم. ئىشەنچىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۆگىنىشىمگە تۈرتكە بولدى، ئۆگىنىش ئادىتىمنى ئىسلاھ قىلدىم ۋە تۇنجى يىلى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتىم.

ئادەت مۇقىم تەرتىپ ياكى قەرەللىك ئېجرا قىلىنىدىغان قىلمىش بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاپتوماتىك ئېجرا قىلىنىدۇ. مەۋسۇملارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەن ئۆزى كىچىك، ئەمما قەتئىي ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىدىغان بەزى ئادەتلەرنى يېتىلدۈردۈم. مەن دەسلەپتە بۇ ئادەتلەرنى باشلىغىنىمدا، ئۇلاردىن كەلگۈسىدە بۇ قەدەر زور نەتىجىلەر ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتىم. مەسىلەن، مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھەر ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم. ئەسلىدە بويۇمنىڭ 193 سانتىمېتىر كېلىشىگە قارىماستىن، بەدەن ئېغىرلىقىم ئاران 170 قاداق (بىر قاداق 450 گرامغا باراۋەر، ت) كېلەتتى. چېنىقىش نەتىجىسىدە، بەدەن ئېغىرلىقىم 200 قاداققا چىقتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىكى تەنھەرىكەت مەۋسۇمى باشلانغاندا، مەن باش توپ ئاتقۇچىلىق ئورنىغا ئېرىشتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا، كوماندا باشلىقى بولدۇم. شۇ مەۋسۇم ئاياغلاشقاندا، ئۇنىۋېرسىتېتلار بىرلەشمە كوماندىسىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندىم. ھالبۇكى، مەن تۆتىنچى يىللىققا چىققاندا، ساغلام ئۇيقۇ، ئۆگىنىش ۋە كۈچ مەشىقى ئادەتلىرىم رەسمىي كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

شۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى، يۈزۈمگە كالتەك توپ تېگىپ، تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغان ۋە سۇنئىي ھوشسىزلاندۇرۇلۇپ داۋالانغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە مەن دېنىسون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، «تاماشا ۋە تەنتەربىيە پروگراممىلىرى تېلېۋىزىيە تورى»نىڭ (CSPN) ئاكادېمىك ساھەدىكى چولپان تەنھەرىكەتچىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدۈم. پۇتكۈل ئامېرىكادا بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلەردىن 33 نەپەر بار ئىدى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، مەكتەپنىڭ سەككىز تۈرلۈك شەرەپ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدۈم. يەنە شۇ يىلى، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئالىي ئاكادېمىك شەرىپى بولغان «مۇدىر مېدالى»غا (President’s Medal) ئېرىشتىم.

ئەگەر بۇ ئاڭلىماققا ئۆز-ئۆزۈمنى ماختاۋاتقاندەك تۇيۇلغان بولسا، مېنى ئەپۇ قىلغايسىلەر. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ تەنھەرىكەتچىلىك ھاياتىمنىڭ ھېچقانداق ئەپسانىۋى تۈسى ياكى تارىخىي ئەھمىيىتى يوق. مەن ھېچقاچان كەسپىي تەنھەرىكەتچى بولالمىدىم. ھالبۇكى، ئاشۇ بىر قانچە يىللىق نەزەر سالغىنىمدا، كەم ئۇچرايدىغان ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردۈم، دەپ قارايمەن. يەنى مەن يوشۇرۇن كۈچۈمنى ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇردۇم. مەنچە بۇ كىتابتا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئۇقۇملار سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

تۇرمۇش خىرسقا تولغان. شۇ قېتىملىق يارىلىنىش مەن دۇچ كەلگەن خىرسلاردىن بىرىدۇر. شۇ قېتىملىق كەچمىش ماڭا مۇنداق مۇھىم بىر ساۋاق ئاتا قىلدى: دەسلەپتە كىچىك ۋە ئەرزىمەستەك كۆرۈنگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىڭىز، كۆنىلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ھەممىمىز مۇشكۈلاتقا تاقابىل تۇرمىساق بولمايدۇ. ئەمما، ئۇزۇن مەزگىلدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇش سۈپىتىمىز بىز داۋاملاشتۇرغان ئادەتلەرنىڭ سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھوسۇل ئۇرۇقتا باغلىق بولىدۇ. ئادىتىڭىز قانداق بولسا، نەتىجىمۇ شۇنىڭغا چۇشلۇق بولىدۇ. لېكىن، تېخىمۇ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرەلىسىڭىزلا، ھەممە ئىشتىن ئۈمىد بار.

دەرۋەقە، بەزى كىشلەر بىر كېچىدىلا ھەيران قالارلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. لېكىن، مەن ئۇنداق كىشىلەردىن بىرىنىمۇ تونۇمايمەن، ئۆزۈم ھەم ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئەمەسمەن. مېنىڭ سۈنئىي ھوشسىزلاندۇرۇلۇپ داۋالىنىشتىن ئاكادېمىك ساھەدىكى چولپان تەنھەرىكەتچىلەر تىزىملىكىگە كىرىشكىچە بولغان مۇساپەمدە بىر ئەمەس، نۇرغۇنلىغان ھەل قىلغۇچ پەيتلەر بار بولۇپ، بۇ بىر قاتار كىچىك ئۇتۇقلاردىن ۋە بۆسۈشلەردىن تەركىب تاپقان، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. مېنىڭ ئىلگىرىلەشتىكى بىردىنبىر چارەم — يەنى بىردىنبىر تاللىشىم — ئىشنى كىچىكىدىن باشلاش ئىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۆز تەجرىبەمنى ۋە بۇ كىتابنى يېزىشنى باشلىغىنىمدىمۇ، ئوخشاش تاكتىكىنى قوللاندىم.

مەزكۇر كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە سەۋەبى

مەن 2012-يىلى 11-ئايدا، «jamesclear.com» دېگەن تور بېتىمدە ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىدىم. مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ ئادەت توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىمنى خاتىرىلەپ ماڭغان بولۇپ، مۇشۇ چاغدا شۇ مەزمۇنلارنىڭ بەزىلىرىنى ھەممەيلەنگە ئاشكارىلاشقا بولىدىغان ھالغا كەلگەنىدى. مەن ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى بىر پارچە يېڭى ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىدىم. بۇ خىل ئاددىي يېزىقچىلىق ئادىتى بىر قانچە ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، تور بېتىمگە تىزىملاتقان ئېلخەت مۇشتەرىلىرىنىڭ سانى تۈنجى قېتىم مىڭدىن ئاشتى. 2013-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ سان ئوتتۇز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

2014-يىلى ئېلخەت مۇشتەرىلىرىمنىڭ سانى يۈز مىڭدىن ئاشتى-دە، تور بېتىم ئىنتېرنېتتىكى مۇشتەرى سانى ئەڭ تېز ئاشقان تور بەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەن شۇنىڭدىن ئىلگىرى يېزىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا، يازغانلىرىم ئۆزۈمگە پەلەپەتىشتەك تۇيۇلغانىدى. ئەمما، ئەمدىلىكتە مەن ئادەت مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندىم. بۇ ئاتاق مېنى بىر تەرەپتىن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىشلەندۈرىدۇ. مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى بۇ ساھەنىڭ پېشۋالىرىدىن دەپ قاراپ باقمىدىم. مەن پەقەت ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن بىللە تەجرىبە ئىشلەيدىغان ئاددىي ئادەم ئىدىم.

2015 ـ يىلى، ئېلخەت مۇشتەرىلىرىمنىڭ سانى ئىككى يۈز مىڭدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتابنى يېزىش ھەققىدە پىنگوۋىن نەشرىياتى بىلەن توختام ئىمزالاشتىم. تور بېتىمگە ئەزا بولغان مۇشتەرىلىرىمنىڭ سانىنىڭ بارغانسېرى ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مەن ئېخىمۇ كۆپ سودا پۇرسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدۇم. نۇرغۇن داڭلىق شىركەتلەر مېنى ئادەت يېتىلدۈرۈش، قىلمىشنى ئۆزگەرتىش ۋە سىجىل ئىلگىرىلەش قاتارلىق تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. مەن يەنە پات ـ پات ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىنلاردا باش تېما نۇتقى سۆزلەپ تۇردۇم.

2016 ـ يىلى، «دەۋر»، «كارخانىچى» ۋە «فوربېس» قاتارلىق غوللۇق مەتبۇئاتلار ماقالىلىرىمنى قەرەللىك ھالدا بېسىشقا باشلىدى. كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى شۇكى، شۇ يىلى ماقالىلىرىمنىڭ ئوقۇلۇش مىقدارى سەككىز مىليون ئادەم قېتىمغا يەتتى. «ئامېرىكا دۆلەتلىك زەيتۇن توپ بىرلەشمىسى» (NFL)، «ئامېرىكا دۆلەتلىك ۋاسكېتبول بىرلەشمىسى» (NBA) ۋە «ئامېرىكا دۆلەتلىك كالتەك توپ بىرلەشمىسى»نىڭ (MLB) مەشقاۋۇللىرى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ، ئۇنى كوماندىسىدىكىلەر بىلەن ھەمبەھىرلىشىشكە باشلىدى.

مەن 2017 ـ يىلى «ئادەت ئىنستىتۇتى»نى قۇردۇم. كېيىن بۇ ئىنستىتۇت تۈرمۈش ۋە خىزمەتتە ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان تەشكىلات ۋە شەخسلەر دەسلەپتە ئويلىشىدىغان سۇپىغا ئايلاندى. 500 كۈچلۈك كارخانىلار ۋە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، يېڭى قۇرۇلغان شىركەتلەر ئۆز رەھبەرلىرىنى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنى بۇ يەرگە مەشىقلىنىشكە ئەۋەتىدىغان بولدى. «ئادەت ئىنستىتۇتى»نى پۈتتۈرگەن رەھبەر، دىرېكتور، مەشقاۋۇل ۋە مۇئەللىملەرنىڭ سانى ئون مىڭدىن ئاشتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن كۆپ نەپ ئالدىم، جۈملىدىن رېئال دۇنيادا ئادەتنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئېرىشتىم.

2018 ـ يىلى بۇ كىتابنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، «jamesclear.com» دېگەن تور بېتىمنىڭ ئايلىق زىيارەت سانى نەچچە مىليونغا يەتتى. مېنىڭ ھەپتىلىك كەسپىي ئۇچۇر دوكلاتىمغا مۇشتەرى بولغانلارنىڭ سانى بەش يۈز مىڭغا يېقىنلاشتى. بۇ سان مېنىڭ دەسلەپكى مۆلچەرىمدىن بەكلا ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، مەن ھەتتا بۇ ھادىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلمەي قالغانىدىم.

### بۇ كىتابنىڭ سىزگە قانداق پايدىسى تېگىدۇ؟

كارخانىچى ۋە مەبلەغ سالغۇچى ناۋال راۋىكانت (Naval Ravikant): «كاتتا كىتاب يازاي دېسىڭىز، ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئاشۇ كىتابقا ئايلىنىشىڭىز كېرەك» دېگەنىدى. مېنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇقۇمنى

ئەڭ دەسلەپتە تونۇپ يېتەلىشىمدىكى سەۋەب مېنىڭ شۇلارنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىم ئىدى. مەن يارىلانغاندىن كېيىن، ئەسلىمگە كېلىش، چېنىقىش ئۆيىدە ئۆزۈمنى كۈچەيتىش، توپ مەيدانىدا يۇقىرى سەۋىيەنى جارى قىلدۇرۇش، يازغۇچى بولۇش، ئۆتۈقلۇق كارخانا قۇرۇش، ھېچبولمىغاندا ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم قامداپ، قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشى زىممىسىغا ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىش ئۈچۈن، بەزى ئۇششاق ئادەتلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغانىدىم. كىچىك ئادەتلەر مېنىڭ يوشۇرۇن كۈچۈمنى جارى قىلدۇرۇشۇمغا ياردەم قىلدى. سىز بۇ كىتابنى قولىڭىزغا ئالغانىكەنسىز، مەنچە سىزمۇ چوقۇم يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى جارى قىلدۇرالايسىز.

كېيىنكى بەتلەردە، مەن تەدرىجىي ھالدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرىدىغان — بىر قانچە كۈنلۈك ياكى ھەپتىلىك ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈرلۈك — پىلاننى ھەمبەھىرلەيمەن. گەرچە يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئەمەس، بەلكى مەشغۇلات قوللانمىسىدۇر. ئاددىي، قوللىنىشچان ئۇسۇلدا ئادەت ئىجاد قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئايرىم ئىلمىدۇر. سىز مېنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمدىن ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھېكمەتنى ۋە قوللىنىشچان ئۆگۈتلەرنى تاپالايسىز.

مەن (بۇ كىتابتا يېزىش جەريانىدا) تايانغان بىيولوگىيە، نېرۋىشۇناسلىق، پەلسەپە، پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەر ئۆزۈندىن بېرى مەۋجۇتتۇر. مەن بۇ يەردە كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان مەزمۇنلار ھەرقايسى ساھەلەردە ئۆزۈن تارىختا ئىگە توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى، شۇنداقلا ئالىملار يېقىندا ئېلان قىلغان زور بايقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەڭ مۇھىم پىكىرلەرنى تاللاپ چىقىپ، شۇلارنى يۈكسەك مەشغۇلاتچان تەرزدە ئۆزئارا باغلاش مېنىڭ ئۆمىدىمدۇر. سىز كېيىنكى بەتلەردە ئوقۇيدىغان ھەرقانداق ھېكمەتلىك سۆز مەندىن كۆپ ئۇستۇن تۇرىدىغان مۇتەخەسسىسلەرگە تەۋەدۇر؛ ھەرقانداق ھاماقەت ئىبارىلەرنى ئۇچراتسىڭىز، ئۇنى ئىككىلەنمەستىن كەمىنىگە نىسبەت بەرسىڭىز بولىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى مېنىڭ ئادەت يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى — ئىشارەت (cue)، ئىنتىلىش (craving)، ئىنكاس قايتۇرۇش (response) ۋە مۇكاپاتلاشتىن (reward) ئىبارەت — تۆت قەدەملىك ئەندىزەم، شۇنداقلا بۇ قەدەملەردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن «قىلمىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۆت قانۇنىيىتى»دۇر. پسىخولوگىيە جەھەتتە مەلۇماتقا ئىگە ئوقۇرمەنلەر ئوپېرانت شەرتلىك رېفلېكستىن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇۋالالايدۇ. بۇ ئەڭ دەسلەپتە، B.F سكىنېر (B. F. Skinner) تەرىپىدىن 1930 ـ يىللىرىدا «غىدىقلاش، ئىنكاس قايتۇرۇش، مۇكاپاتلاش» ئەندىزىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىن، چېيرلىس دۇھىگ (Chairles Duhigg) «ئادەتنىڭ كۈچى» دېگەن كىتابىدا بۇنى «ئىشارەت، كۆندىلىك ئادەت، مۇكاپات» شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرگە تېخىمۇ بەك تونۇتتى.

سكىنېرغا ئوخشاش قىلمىشزمچى تەتقىقاتچىلار (Behavioral scientist) ئەگەر مۇۋاپىق جازا ياكى مۇكاپات بېرىلسە، كىشىلەرنى مۇئەييەن شەكىلدە ھەرىكەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ

يەتكەندى. گەرچە سكىنېرنىڭ ئەندىزىسى سىرتقى غىدىقلاشنىڭ قىلمىشلىرىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى ئىزاھلاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەپەككۇرىمىز، ھېسسىياتىمىز ۋە ئېتىقادىمىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىزاھلىمىغان. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتقا ئوخشاش ئىچكى ھالەتلىرىمىز ئىنتايىن مۇھىم. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، تەتقىقاتچىلار تەپەككۇرىمىز، كەيپىياتىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالىمۇ كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن تەمىنلىگەن رامكا تونۇش ئىلمى بىلەن قىلمىش ئىلمىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسىدۇر. ئىشىنىمەنكى، بۇ تاشقى غىدىقلاش بىلەن ئىچكى كەيپىياتنىڭ بىز ئادەتلەنگەن قىلمىشلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى توغرا شەرھلىگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەندىزىلەردىن بىرىدۇر. گەرچە، بۇ يەردە بەزى ئىپادىلەر تونۇشتەك قىلسىمۇ، لېكىن مەنچە ئۇنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى ــ شۇنداقلا «قىلمىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۆت قانۇنىيتى»نىڭ قوللىنىلىشى ــ سىزنىڭ ئادەت ھەققىدە ئىزدىنىشىڭىزنى يېپيېڭى نۇقتىئىينەزەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى ماكانغا ۋە زامانغا كۆرە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ كىتابنىڭ يادروسى ئۆزگەرمەس ئامىللاردۇر. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ئۇللۇق پرىنسىپلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇلار سىز يىللاپ تايانسىڭىز بولىدىغان ئىشەنچلىك پرىنسىپلاردۇر. سىز بۇ پرىنسىپلارغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىيەلەيسىز، ھاياتىڭىزنى يېڭى پەللىلەرگە يۈكسەلدۈرەلەيسىز.

ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىسى بىر خىللا ئەمەس، لېكىن بۇ كىتابتا مەن بىلىدىغان ئەڭ ياخشى چارە بايان قىلىنغان بولۇپ، مەيلى سىز ئىشنى قەيەردىن باشلاڭ ياكى نېمىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇڭ، بۇ چارە سىزگە قاتتىق ئەسقاتىدۇ. نىشانىڭىزنىڭ ساغلاملىق، مال-دۇنيا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ياكى شۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن تونۇشتۇرغان تاكتىكا تەدرىجي ئىلگىرىلەشنى ئويلايدىغان ھەرقانداق ئادەمگە ماس كېلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئەزەربەيجان ۋە شەرقىي تۈركستان

# ئەزەربەيجان ۋە شەرقىي تۈركىستان

ئەزەربەيجان زېمىن كۆلىمى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان تەخمىنەن 21 ھەسسە كىچىك، نوپۇسى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىدىن ئۈچ ھەسسە ئاز تۈرك دۆلىتى بولۇپ (بۇ جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىلار ماقالە ئاخىرىدا جەۋەدۋەل شەكلىدە بېرىلدى.) ئەزەربەيجانلىقلار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئوغۇز تۈرۈكلىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە.

ئەزەربەيجان تاشقى كاۋكازىيەنىڭ شەرقىگە، كاۋكاز تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قانىتىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئۇ شىمالدا رۇسىيە بىلەن، شەرقتە كاسپىي دېڭىزى بىلەن، جەنۇبتا ئىران بىلەن، غەربتە ئەرمېنىيە بىلەن، غەربىي شىمالدا گىرۇزىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇنىڭ نەھچىۋاندىن ئىبارەت تاشقى زېمىنى (exclave ــ بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىن ئاجراپ تۇرغان، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيەسى تەرىپىدىن قورشاپ تۇرۇلغان قىسمى، ت) ئەزەربەيجان ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەرمېنىيە، ئىران ۋە تۈركىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ.

پايتەختى: باكۇ

رەسمىي تىلى: ئەزەربەيجانچە، بۇ تىل تۈركىي تىللارنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا تەۋە.

يېزىقى: ئەرەبچە ئېلىپبە 20-ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 1939-يىلى كىرىلچە ئېلىپبەگە ئۆتكەن. 1992-يىلى ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتى كىرىلچە ئېلىپبەدىن لاتىن ئېلىپبەسىگە ئۆتكەن.

مىللەتلەر: ئەزەربەيجانلار (94.8 پىرسەنت)، لېزگىنلەر (1.7 پىرسەنت)، تالىشلار (0.9 پىرسەنت)، رۇسلار (0.7 پىرسەنت)، باشقا مىللەتلەر (0.9 پىرسەنت)

دىنلار: رەسمىي ستاتىستىكىلاردا 97 پىرسەنت كىشى مۇسۇلمان دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شىئەلەر 55~65 پىرسەنتنى، سۈننىيلەر 35~45 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. خرىستىيانلار ئۈچ پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

يەر كۆلىمى: 86 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن (94 مىڭ 698 كۋادرات كىلومېتىر) ئازراق كىچىك كېلىدۇ.

نوپۇسى: 10 مىليون 353 مىڭ 296 (2022-يىلى)، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىلگىرىكى نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

GDP: 77 مىليارد 392 مىليون، دۇنيادا 82-ئورۇندا تۇرىدۇ.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP: 7529 دوللار، دۇنيادا 88-ئورۇندا تۇرىدۇ.

گىنى (تاپاۋەت تەڭسىزلىكى) كوئېففىتسېنتى: 33.7 (بۇ ئوتتۇراھال سەۋىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ)

پۇل بىرلىكى: مانات

دۆلەتلىك تېلېفون نومۇرى كودى: 994

ئەزەربەيجاننىڭ مەنزىرىسى خىلمۇخىل ۋە چىرايلىق بولۇپ، بۇ دۆلەت ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى ئۆزىدە تەڭ مۇجەسسەملىگەن. چەت رايوندىكى كىشىلەر ھېلىھەم نۇرغۇن ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ تۇرمۇشى سانائەتلىشىش، ئېلېكتر كۈچى بايلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خاراكتېرلەنگەن شىددەتلىك زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھازىر ئەزەربەيجان نوپۇسىنىڭ تەڭدىن تولىسى شەھەرلەردە ياشايدۇ. ئىقتىسادتا سانائەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەزەربەيجان نۆۋەتتە نېفىت سانائىتىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان خىلمۇخىل تەرەققىيات ئەندىزىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. سورتلۇق ئاتلار ۋە بېلىق تۇخۇمى قىيامى ھېلىھەم بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت بۇيۇملىرىدىندۇر.

ئەزەربەيجان 1918-يىلىدىن 1920-يىلىغىچە مۇستەقىل دۆلەت بولغان بولسىمۇ، 1920-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېلىنىپ، 1936-يىلى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان. ئەزەربەيجان 1989-يىلى 9-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، 1991-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان.

**ئىقتىساد**

ئەزەربەيجان سانائىتى ۋە دېھقانچىلىقى تەرەققىي قىلغان دۆلەتتۇر. ئېغىر سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىش نەتىجىسىدە، نېفىت بىلەن تەبىئىي گازدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەنئەنىۋى سانائەتنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنژېنېرلىق، يېنىك سانائەت ۋە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا.

ئەزەربەيجان 1990-يىللارنىڭ دەسلىپىدە بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئەسلىدىكىدەك دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلمەستىن، ئەركىن قويۇۋېتىلگەن. شۇنداقلا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى كارخانىلار خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان. ھالبۇكى، يەر-زېمىننىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى بىر قەدەر ئاستا بولغان.

## بايلىق

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، ئەزەربەيجان دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت ئىدى، شۇنداقلا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە مەيدانغا كەلگەنىدى. مەسىلەن، 1901 ـ يىلى، ئەزەربەيجان 11 مىلىيون 400 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقارغانىدى. بۇ مىقدار ئامېرىكانىڭكىدىنمۇ كۆپ بولۇپ، دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. ھالبۇكى، 20 ـ ئەسىردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەزەربەيجاننىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇتقان ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلىدى.

1990 ـ يىللاردا ئەزەربەيجاندىكى سىياسىي داۋالغۇش، رايوندىكى مىللىي توقۇنۇشلار، رۇسىيەنىڭ كاسپىي دېڭىزىدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشى، شۇنداقلا يېڭى تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ ئورنىنى تاللاش جەھەتتىكى ئىختىلاپلار سەۋەبلىك، كاسپىي دېڭىزىدىكى غايەت زور نېفىتلىكلەرنى ئېچىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئەزەربەيجاندا تەبىئىي گاز، قوغۇشۇن، سىنىك، تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىق نۇرغۇن تەبىئىي بايلىقلار بار.

## دېھقانچىلىق

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئەزەربەيجاننىڭ دېھقانچىلىقى راۋۇرۇس تەرەققىي قىلدى. دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېھقانچىلىققا ماس كېلىدىغان بولۇپ، مۇشۇ يەرلەرنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئىككىسىدە تېرىقچىلىق قىلىنماقتا.

دانلىق زىرائەتلەر ئەزەربەيجاننىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، خام پاختا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قىممەتلىك زىرائەتتۇر. ئۈزۈمچىلىككە ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىت ئۈزۈمچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەزەربەيجاندىكى ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاراق ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

باشقا زىرائەتلەر كۆكتات، مېۋە، ياڭاق ۋە ئورمان ياڭىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى رايونلاردا، بولۇپمۇ شاكى (Şäki)، زاقاتالا ۋە گۆيچاي شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدا، پىلە قۇرتى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىلىدۇ.

كاسپىي دېڭىزىدىكى ئاتسېپېنسىر بېلىقلىرىدىن خەلقئارادا داڭقى بار بېلىق تۇخۇمى قىيامى ياسىلىدىغان بولغاچقا، بېلىقچىلىقمۇ ئەزەربەيجان ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم. لېكىن، كاسپىي دېڭىزى بۇلغىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئاتسېپېنسىر بېلىقىنىڭ زاپىسى كەملەپ كەتتى.

**سانائەت**

ئەزەربەيجان كۆپ خىللاشقان سانائەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئېغىر سانائەتنىڭ ئېلېكتر كۈچى، ياسىمىچىلىق، خىمىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تارماقلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ مىنېرال ئوغۇت، بېنزىن، كىرسىن، ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسى، سانائەت مېيى، بىرىكمە كاۋچۇك ۋە پلاستىك ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ساھەلىرىمۇ تەرەققىيات قىلغان بولۇپ، سۇمقايىت شەھىرى (بۇ ئەزەربەيجاننىڭ باكۇدىن قالسا ئەڭ چوڭ شەھىرىدۇر) ئاساسلىق سانائەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ئەزەربەيجاننىڭ ياسىمىچىلىقى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆرۈنەرلىك راۋاجلانغان بولۇپ، ئەزەربەيجان ھازىر نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سانائىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى، شۇنداقلا تۈرلۈك ئېلېكترلىق ئۈسكۈنىلەرنى ۋە نۇرغۇن ئاپپاراتلارنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ خىل سانائەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى باكۇ، گەنجە ۋە مىنگاچەۋىرگە جايلاشقان.

يېنىك سانائەتتە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار پاختا ۋە يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇملارنى، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنى، ئەنئەنىۋى ئائىلە بۇيۇملىرىنى ۋە خاتىرە بۇيۇملارنى، ئاياغ كىيىملىرىنى ۋە باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شاكى، خانكەنتى، گەنجە، مىنگاچەۋىر ۋە باكۇ بۇ سانائەتنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدۇر. يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەكشى جايلاشقان.

ئەزەربەيجان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى يېقىلغۇ ۋە توك بىلەن تەمىنلەشكە بولغان ئېھتىياجنى كۈچەيتتى. بارلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇ كۆيدۈرۈلىدىغان ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە جايلاشقان ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**سودا**

ئەزەربەيجان خىمىيىلىك بۇيۇملار، ماشىنا (machinery)، يېمەكلىكلەر (بولۇپمۇ ئۈزۈم، باشقا مېۋە ۋە كۆكتاتلار)، ئىچىملىكلەر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز، پولات ـ تۆمۈر، رەڭلىك مېتال ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىمپورتى پولات ـ تۆمۈر، ماشىنا (machinery)، يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى، بولۇپمۇ گۆش ۋە سۈتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەزەربەيجاننىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكلىرى رۇسىيە، تۈركىيە، خىتاي ۋە ئىتالىيەدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ گرۇزىيە، بېلارۇسىيە، ئەنگلىيە، ئىسرائىلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەنمۇ خېلى قويۇق سودا ئالاقىسى بار. قاراباغ توقۇنۇشى سەۋەبىدىن، ئەزەربەيجاننىڭ ئەرمېنىيە بىلەن ھېچقانداق سودا ئالاقىسى يوق.

## ترانسپورت

ئەزەربەيجاندا يۈك توشۇش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدىغان دەريالار تولىمۇ ئاز بولۇپ، چەتئەلگە توشۇلىدىغان يۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ماللار تۆمۈر يول ۋە يۈك ماشىنىلىرى ئارقىلىق توشۇلىدۇ. تۆمۈر يول تورىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئېلېكترلەشكەن. توشۇلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار نېفىت مەھسۇلاتلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ياغاچ ۋە دانلىق زىرائەتتۇر. ئاساسلىق تۆمۈر يول لىنىيەسى كۇرا ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، باكۇنى گرۇزىيەدىكى تبىلىس ۋە باتۇمى شەھەرلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. يەنە بىر لىنىيە باكۇنىڭ شىمالىدىكى كاسپىي دېڭىزىغا پاراللېل كېلىدۇ.

## مائارىپ

ئەزەربەيجاندىكى مەجبۇرىي مائارىپ ئالتە ياشتىن 17 ياشقىچە داۋاملىشىدۇ. باشلانغۇچ مائارىپ ئالتە ياشتا باشلىنىدۇ؛ ئون ياشتا باشلىنىدىغان ئوتتۇرا مائارىپ، بەش يىللىق ۋە ئىككى يىللىقتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ. ئەزەربەيجان تىلى ئاساسلىق ئوقۇتۇش تىلى بولسىمۇ، ئالىي مائارىپتىكى بەزى تېخنىكىلىق ساھەلەردە رۇس تىلى يەنىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ساۋاتسىزلىق ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلغان بولۇپ، ئالىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى، تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورگانلاردىن تەشكىل تاپقان مائارىپ تورى بەرپا قىلىنغان.

باكۇدا نۇرغۇنلىغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىنستىتۇتلار بار بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى (1929 ـ يىلى قۇرۇلغان). مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا سودا، پۇل مۇئامىلە ۋە باشقۇرۇش فاكۇلتېتلىرى بار؛

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك تىل ئۇنىۋېرسىتېتى (1937 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرقى ئىسمى ۋە ئورنى 2000 ـ يىلى بېرىلگەن). مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا رۇس، ئېنگلىز ۋە فرانسۇز تىلى فاكۇلتېتلىرى بار.

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك كۇلتۇر ۋە سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى (1945 ـ يىلى قۇرۇلغان).

ئەزەربەيجان تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى (1930 ـ يىلى قۇرۇلغان). مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا چىش كېسەللىكلىرى، بالىلار كېسەللىكلىرى، ئادەتتىكى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك فاكۇلتېتلىرى بار.

ئەزەربەيجان تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (1950 ـ يىلى قۇرۇلغان). مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ماشىنا (machine) ئىلمى، مېتاللورگىيە، رادىئو ئىنژېنېرلىقى، ئالاقە ۋە قاتناش ساھەسىگە ئالاقىدار پەنلەر بار.

ئەزەربەيجان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىمۇ (1945 ـ يىلى قۇرۇلغان) باكۇغا جايلاشقان بولۇپ، فىزىكا، خىمىيەلىك تېخنىكىلارغا ئالاقىدار نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر، نېفىت خىمىيەسى جەريانى ۋە ئىرسىيەت پەنلىرى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرىدۇ.

### سەھىيە ۋە پاراۋانلىق

ئەزەربەيجاننىڭ سەھىيە سىستېمىسى راۋۇرۇس مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، بىر قاتار مەخسۇس شىپاخانىلار ۋە داۋالاش تەتقىقات ئورۇنلىرى بار. بىمارلارغا ھەقسىز تەمىنلىنىدىغان داۋالاش مۇلازىمىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان باجغا، زاۋۇت ۋە باشقا شىركەتلەردىن تاپاۋەت بېجىغا تايىنىدۇ.

### قىسقىچە تارىخى

قەدىمكى دەۋرلەردە ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تاشقى كاۋكازىيەنىڭ شەرقىدە پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر، كۇردلار ۋە كاۋكازلىق ئالبانلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار تۆتىنچى ئەسىردە خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەرمەن كۇلتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يەتتىنچى ئەسىردە مۇزەپپەر ئىسلام قوشۇنى بۇ يەرنى فەتھ قىلغاندىن كېيىن، شاھەنشاھ دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغان.

سەلجۇقىيلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىستېلاسى شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ، ئوغۇز ـ تۈرك تىللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىنى تىكلىدى. لېكىن، ئانادولۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوسمانلى تۈركلىرىگە ئوخشىمايدىغىنى، ئەزەربەيجاندىكى كاۋكاز مۇسۇلمانلىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىئە مەزھىپىگە كىردى ھەمدە پارسلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل تەسىرى ئاستىدا قېلىۋەردى. پارسلار

ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىرۋان (شاماخى)، باكۇ، گەنجە، قاراباغ ۋە يېرېۋان قاتارلىق خانلىقلار پارس سەفاۋىي سۇلالىسىنىڭ چېگراسىدىكى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

### رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار ئۇرۇشلاردىن كېيىن، گۈلىستان شەرتنامىسى (1813) بىلەن تۈركمەنچاي شەرتنامىسى (1828) ئارقىلىق ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى چېگرا بېكىتىلدى. رۇسىيە باكۇ، شىرۋان، گەنجە، نەھچىۋان ۋە يېرېۋاننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كاۋكازىيەدىكى ئەزەربەيجان تۈركلىرى ئىراندا قالغان تىلداش ۋە دىنداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئايرىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇششاق تىجارەتچىلەر سىنىپى ۋە ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەزەربەيجانلار يەنىلا ئاساسەن يېزا ئاھالىسى ئىدى. باكۇنىڭ رۇسىيەنىڭ ئاساسلىق نېفت مەنبەسىگە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان پارس، ئەرمەن ۋە رۇس ئىشچىلار ئابشەرون يېرىم ئارىلىغا كېلىپ خىزمەت ئىزدەشتى، رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ئەزەربەيجاننىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەزەربەيجاننىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان زىيالىي ۋە ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىنىڭ خىزمەت مەنبەسى ۋە ئاپىرىدىگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باكۇنىڭ تەسىرى ئىرانلىق ئەزەربەيجانلارغا ۋە ئاراس دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە تارالغان. 1918 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئەزەربەيجانلارغىلا تەۋە دۆلەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس ئىدى. كاۋكاز رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنى گرۇزلار ۋە ئەرمەنلەرگە ئوخشاش داۋاملىشىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىماستىن، بەلكى تېخىمۇ چوڭ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ، يەنى ئۇممەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. ئۇلار رۇسلار تەرىپىدىن «تاتارلار» دەپ ئاتىلاتتى. «ئەزەربەيجان» دېگەن مىللىي نام ئىنقىلابتىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن تۈنجى قېتىم شەھەرلەردىكى مىللەتچى زىيالىيلار ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا ئاندىن بۇ مىللەتنىڭ رەسمىي ئىسمى سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان.

### ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىللىقى

1917 ـ يىلى بولشېۋىكلارنىڭ رۇسىيە ئىنقىلابىدىكى غەلبىسى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914 ـ 1918) مەزگىلىدە رۇس قوشۇنى كاۋكاز سېپىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئەزەربەيجان رەھبەرلىرى ئەرمەنلەر ۋە گرۇزلار بىلەن بىللە تاشقى كاۋكازىيەنىڭ ئاپتونومىيەسى ھەققىدە (1918 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن

4-ئايغىچە) قىسقىغىنە تەجرىبە ئېلىپ باردى. مۇستەقىل فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش جەھەتتىكى تېخىمۇ قىسقا مۇددەتلىك (1918-يىلى 4-ئايدىن 5-ئايغىچە) ئۇرۇنۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ رايوندا ئۈچ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. ئەزەربەيجان 1918-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىدى، ئەمما باكۇ كوممۇنىست ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا قالدى، بۇ ھۆكۈمەتكە شۇ يىلى 3-ئايدا مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغان يەرلىك ئەرمەن ئەسكەرلەر ياردەم بېرىۋاتاتتى. 1918-يىلى 9-ئايدا، ئەزەربەيجان مىللەتچىلىرى ئىلگىرىلىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، پايتەخت باكۇنى قولغا كىرگۈزدى.

ھالبۇكى، ئەزەربەيجان مىللەتچىلىرى باكۇنى كونترول قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇزۇن مۇددەت سوتسىيالىزم ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەربىيەسىنى ئالغان رۇس، ئەرمەن ۋە مۇسۇلمان ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان ئارىلاشما نوپۇسقا دۇچ كەلدى. ئۇلار تايانغان دېھقانلار ئارىسىدا مىللىي ئاڭ يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بولشېۋىزم چوڭقۇر يىلتىز تارتقان باكۇدا مىللەتچىلەر ئەزەلدىن بىخەتەر ئەمەس ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تۈركلەر چېكىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقان ئېنگلىزلار 1919-يىلى 8-ئايغىچە بۇ يەردە تۇردى. بۇ ئاجىز جۇمھۇرىيەت 1920-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىل ئارمىيە 1920-يىلى 4-ئايدا باكۇغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ھېچقانچە قارشىلىققا ئۇچرىمىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى مەزگىل

ئەزەربەيجان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى 71 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇ 1922-يىلدىن 1936-يىلىغىچە تاشقى كاۋكاز سوۋېت فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ جەرياندا گرۇزىيە ۋە ئەرمېنىيەگە ئوخشاش خېلى زور ئىقتىسادىي تەرەققىيات، شەھەر-بازارلىشىش ۋە سانائەتلىشىشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئەزەربەيجاندا مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىغا ۋە ئەزەربەيجانلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىغا قارىماستىن، بۇ جۇمھۇرىيەت يەنىلا موسكۋا تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىندى، بولۇپمۇ جوسېف ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان (1928-1953)، باگىروف ئەزەربەيجان كومپارتىيەسىگە رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئەزەربەيجان تېخىمۇ شەھەرلەشكەن، مائارىپى تەرەققىي قىلغان ۋە ئىجتىمائىي ئېقىشچانلىقى كۈچەيگەن جەمئىيەتكە ئايلىنىپ، نىسبەتەن ئەنئەنىۋى، تەرەققىي قىلمىغان يېزا-قىشلاقلار بىلەن چوڭ شەھەرگە ئايلانغان باكۇ ئىككى سەپكە بۆلۈندى. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ جۇمھۇرىيەت مۇئەييەن دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە زىيالىي سەرخىللار قاتلىمى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

ئەزەربەيجان كومپارتىيەسى 1992-يىلىغىچە ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ كەلدى. 1991-يىلى 8-ئايدا موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى مىخائىل گورباچېۋغا قارشى مەغلۇپ بولغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن

كېيىن، ئەزەربەيجان مۇستەقىللىق جاكارلىدى ۋە پارتىيە رەھبىرى ئاياز مۇتالىبوۋ (Ayaz Mutalibov) تۇنجى پرېزىدېنت بولۇپ سايلاندى. 1992-يىلى 5-ئايدا، «ئەزەربەيجان خەلق فرونتى» مۇتالىبوۋنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەجبۇرىي يېڭى سايلام ئۆتكۈزدى ۋە بۇ فرونتنىڭ نامزاتى ئەبۇلفەز ئەلچىبەي (Abulfez Elchibey) مۇستەقىل دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسىدىن ئايرىلىشنى ۋە قاراباغنىڭ كونتروللۇقىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلغان ئاساستا سايلامدا غەلىبە قىلدى. ئاندىن ئەلچىبەي ئۆزىمۇ 1993-يىلى 6-ئايدا سابىق KGB ئەمەلدارى، ئەزەربەيجان كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ۋە ئەزەربەيجان مىللەتچىلىكى تەرغىباتچىسى ھەيدەر ئەلىيېۋ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

ھەيدەر ئەلىيېۋ شۇنىڭدىن تا 2003-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر پرېزىدېنت بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى ئىلھام ئەلىيېۋ پرېزىدېنت بولدى. ئەلىيېۋ جەمەتىنىڭ ئەزەربەيجاندىكى كونتروللۇقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 2017-يىلى ئىلھام ئەلىيېۋ ئايالى مېھرىبان ئەلىيېۋانى مۇئاۋىن پرېزىدېنتلىققا تەيىنلىدى.

ئەزەربەيجان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەزى سېلىشتۇرمىلار

| | شەرقىي تۈركىستان | ئەزەربەيجان | شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ قىممىتى ئەزەربەيجاننىڭ قانچە ھەسسىسىگە تەڭ؟ |
|---|---|---|---|
| يەر كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) | 1, 828, 418 | 86 مىڭ 600 | تەخمىنەن 21 ھەسسە |
| نوپۇسى | 30~40 مىليون (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۆلچەرى) | 10 مىليون 353 مىڭ | تەخمىنەن ئۈچ ھەسسە |
| نېفىت زاپىسى | 23.4 مىليارد توننا | 2.54 مىليارد توننا | تەخمىنەن توققۇز ھەسسە |
| تەبىئىي گاز زاپىسى | 13 تىرىلىيون كۇب مېتىر | بىر تىرىلىيون 300 مىليارد كۇب مېتىر | ئون ھەسسە |

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



# مۇھەممەتئىمىن غوجام قۇلى ھىرقەتى- گومنام

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## مۇھەممەتئىمىن غوجام قۇلى ھىرقەتى ـ گومنام

داڭلىق كىلاسسىك ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەتئىمىن غوجام قۇلى ھىرقەتىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەخسۇس يېزىلغان تارىخىي مەلۇماتلار ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بەختكە يارىشا، بۇ شائىرمۇ باشقا دەۋرداشلىرىغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى، ياشىغان دەۋرى، ئەسىرىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە ئەسىرىنىڭ نامى ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئەسىرى «مۇھاببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق داستانىدا بايان قىلغان. گەرچە ھىرقەتى ئۆزىنىڭ ھازىرقى قەشقەر تازغۇن ( باغچى ) يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ياشلىق دەۋرىدە ھىممەتلىك ئاتىسى غوجام قۇلى بىلەن بىللە ئىسمائىلخان ۋە ئافاق خوجىنىڭ ئوردا بېغىدا باغۋەن، چىراقچى ۋە كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر مەلۇمات قالدۇرمىغان ئىدى.

ئاپتورنىڭ ۋاپاتىدىن توپتوغرا ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلدۇرۇپ، ھىرقەتىنى خەلقىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇتقان پېشقەدەم تەتقىقاتچى ۋە شائىر رەھمتۇللا جارى ئەپەندى كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە، بۇ مۇھىم مەسىلە ھەل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، مۇھەممەت غوجام قۇلى ھىرقەتى 1634 ـ يىلى يېڭىشەھەر تازغۇندا تۇغۇلۇپ، 1724 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ھىرقەتى 11 يېشىدىن باشلاپ دىنىي مەدرىستە ئوقۇشقا كىرىپ، 16 يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئانا تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەبچە ۋە پارسچە تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پۇختا تونۇشقان. 36 يېشىدا ئاتىسى غوجام قۇلى بىلەن بىللە ئىسمائىلخاننىڭ ھۇزۇرىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەلتەنەت ئافاق خوجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇلار يەنىلا ئوردىنىڭ شاھانە بېغىدا باغۋەنچىلىك قىلغان. كېيىنچە، ئافاق خوجا مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا قارشى جاھالەت ھەرىكىتى قوزغىغاندىن كېيىن، شائىر ئۆزىگە «ھىرقەتى» يەنى، "ھەقىقەت يولىدا كۆيۈپ كۆل بولغۇچى" دېگەن نامنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىپ، ئوردىدىكى ئىشنى تاشلاپ، باشقا دەۋرداشلىرىغا ئوخشاش تارىم ۋە يارىش ۋادىلىرىدىكى ئاشىقلىق ھاياتىنى باشلىغان. بۇ جەھەتتە، شائىرمۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى باشقا پېشۋالارغا ئوخشاش ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىپ، ئەسىرىنى شۇ تەخەللۇس بىلەن يازغان. ئۇ مەزكۇر تەخەللۇسنى ئۆز ئەسىرىدە ئىشلىتىپ، ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن :

ئىلاھا، ھىرقەتنىنى شاد قىل،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە ياد قىل.
ئىلاھا، قىلما نائۇمىد ھىرقەتنىنى،
نەسىپ ئەتمە جەمەلىنىڭ ۋۇرقەتنىنى.

شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «داستان» يېزىش ئىجادىيەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ ۋە پىشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ھەر قانداق شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە باب كېلىدىغان ئورتاق قانۇنىيەت. ئەپسۇسكى، ھىرقەتنىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى پەقەت «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى بولۇپ، باشقا نۇرغۇن غەزەللىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردا زايە بولۇپ كەتكەن.

مەزكۇر داستاننىڭ تېكىستى پېشقەدەم تەتقىقاتچى ۋە شائىر رەھمىتۇللا جارى ئەپەندى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، 1960 ـ يىللاردىكى قىزىل قىيامەت دەھشىتى تۈپەيلىدىن ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن ئىدى. پەقەت 1982 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، رەھمىتۇللا جارى ئەپەندى يەنە بىر قېتىم غەيرەتكە كېلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاممىباپ يەشمىسىنى رەسمىي كىتابچە سۈپىتىدە ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خەلقىمىز بۇ زاتنى قايتىدىن تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

بۇ داستان مەزمۇن جەھەتتىن مۇنۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن :

1 . داستاننىڭ مۇقەددىمىسى ۋە كىرىش قىسمى بولۇپ، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ ـ سانا، دۇرۇت ـ سالاملار ۋە مەدھىيەلەرنى ئاساس قىلغان.

2 . «گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتى» گە بېغىشلانغان مەجازىي ( كۆچمە مەنىلىك ) ئوبرازلار ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈيلەش. بۇ قىسمى مەزكۇر داستاننىڭ ئەڭ مېغىزلىق ۋە غوللۇق قىسمى بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر «رومانتىك داستان» دېيىش مۇمكىن.

3 . داستاننىڭ خاتىمىسى، يەنى «خاتىمەئى كىتاب ۋە فاسىھەئى خىتاب ( كىتابنىڭ خاتىمىسى ۋە خىتابنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى )» قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا شائىرنىڭ ئەخلاقى، سىياسىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بەلگىلىك هالدا ئىپادىلەنگەن.

بۇ داستاندىن ھىرقەتنىڭ ناھايىتى بۈيۈك ئىلاھىيەتچى ئالىم، پاساھەتلىك سۆز ئۇستىسى ۋە تەڭداشسىز شائىرلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز ھىرقەتنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بەدىئىي تىلنىڭ ماھىيەتلىك رولىنى ھەقىقىي ۋە تولۇق چۈشەنگەن ئەڭ چېۋەر سۆز ئۇستىسى دېيەلەيمىز.

ھىرقەتى بۇ داستانىنى «ئىشق» تېمىسىغا بېغىشلىغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار خېلى بىر مەزگىلگىچە بۇ ئىشقنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇدۇمى بويىچە «ئىلاھىي ئىشق» ياكى «مەجازىي ئىشق» لىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقان. ئاخىرىدا بۇ مەسىلىسىنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۆرلۈك ئەسەرلىرى تۈپتىن ھەل قىلغان. شائىرنىڭ داستانىغا قارايدىغان بولساق، ھىرقەتى بۇ داستانىدا ھەم ئىلاھىي ئىشق ھەققىدە، ھەم مەجازى ئىشق ھەققىدە ئوخشاشلا دېگۈدەك تەپسىلىي توختالغان.

ھىرقەتى 1670 ـ يىللاردىن تاكى 1720 ـ يىللارغىچە بولغان يېرىم ئەسىرلىك ئەڭ قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتلىك دەۋردىن قاتتىق ئاغرىنىپ ۋە ئەپسۇسلىنىپ، ئاخىرقى ھاياتىدىكى سىياسىي نەپرىتى ۋە ئۆچۈق نارازىلىقنى تۆۋەندىكى بىر مىسرا بېيىت بىلەن ئېنىق ئىپادىلىگەن :

جەھانۇ ھەم جەھان ئەھلى ۋەفاسىز،
بەقاسىزغە نەچۈك، ئەي جان، بەقاسىز.
جەھان ئەھلى جەھان گەر دىلرابادۇر،
ۋەفاسى يوق، بارىسى بىۋەفادۇر.
ۋەفاسى ھەم ئانىڭ غەمدۇر، غەم ئۆزرە،
ھەياتى ماتەم ئېرمىش، ماتەم ئۆزرە.

«ھىرقەتى» نىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى «گومنام» ھەققىدە قىسقىچە بايان:

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە نەشىردىن چىققان ئەسەرلەردە «ھىرقەتى» بىلەن گومنام» ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى شەخس سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەندى. كېيىنچە ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە، يۇقىرىقى ئىككى كىشىنىڭ ئەسلىدە بىر كىشى

ئىكەنلىكى بايقالدى. چۈنكى، «گۇمنام» تەخەللۇسىدىكى شائىر ئۆز ئاتىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە مۇنداق دېگەن:

ئاتام ئاتى خوجەم قۇلى خوجەدۇر،

زاھىرى قۇل ھەقىقىتى خوجەدۇر.

مۇشۇنداق ئوچۇق پاكىت تۇرسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر، تەتقىقاتچىلار ھىرقەتىنى «سوفىستىك كىشى»، گومنامنى بولسا «دەھرىي كىشى» قىلىپ قويغان. بۇ ئىككى تەخەللۇسلۇق كىشىنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، بىز ھىرقەتى ۋە گومنام تەخەللۇسىدىكى بۇ كىشىنىڭ ئەينى چاغدىكى تەڭداشسىز بىر يېتۈك پېشۋا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا، ئۇنىڭ لىرىك غەزەللىرىدىكى نۇرغۇن ئۇسلۇبلارنى تەقلىد قىلىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىچىدە مودا بولغانىدى. ئالايلۇق، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇچراشقاندا» ناملىق شېئىرىدىكى قاپىيە دەل گومنامنىڭ غەزەللىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، تۈرك تەتقىقاتچىلار «دېدىم ـ دېدى» رادىپلىق شېئىرلار ھەققىدە توختالغاندا، يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «دېدىم ـ دېدى» رادىپلىق شېئىرىغا ئوخشايدىغان شېئىرلارنى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان، ھازىرقى رۇمېنىيەگە تەۋە، ئەسلىدە ئوسمانىلار دۆلىتىگە مەنسۇپ بولغان تەمشەۋاردا ياشىغان «ئاشىق ھاسان» دېگەن شائىر ئەڭ دەسلەپ يازغان دەپ قاراشقان. جۈملىدىن، دوكتور مەھمەت ياردىمجى «تۈرك خەلق شېئىرلىرىدا ‹دېدىم ـ دېدىلىك› كۇپلىتلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ماھارەتلىك شائىرى ئاشىق ھاساننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر!» دەپ يازغان ۋە ئاشىق ئۆمەر، قۇل نەسىمى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئەرزۇرۇملۇق ئەمراھنىڭ «دېدىم ـ دېدىلىك» شېئىرلارنى يازغانلىقىنى بايان قىلغان. 1960 ـ يىللىرىدا داڭلىق تۈرك ناخشىچىلىرى ئەرزۇرۇملۇق ئەمراھنىڭ «دېدىكى يوق، يوق» دېگەن شېئىرىغا ناخشا ئىشلىگەن. بىراق، مەزكۇر تۈرك ئالىملىرى 1634 ـ يىلىدىن 1724 ـ يىلىغىچە قەشقەردە ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەت ئىمىن غوجامقۇلى ھىرقەتى، يەنى گومنامنىڭمۇ «دېدىم ـ دېدى» رادىپلىق ئەسىرىنىڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر قالغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا گۇمنام ۋە ھىرقەتى دېگەن قوش تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر بولغان شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكامە» دېگەن لىرىك داستانىدا دەل يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلىنغان «دېدىم ـ دېدى» رادىپلىق شېئىرلار كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1948 ـ يىلى يازدا يازغان «ئۇ دېدى ياق ـ ياق» دېگەن مەزكۇر شېئىرىنىڭ ئاخىرىغا «بىر شائىرغا تەقلىد» دەپ يېزىپ قويغان. بۇنىڭدىن بىز بۇ يەردە ھەقىقەتەن «بىر تەقلىد» نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن شۈبھىلەنمەيمىز. بىراق، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر زادى ئاشىق ھاساندىن ئىلھام ئالغانمۇ ياكى نەسىمىدىنمۇ، ياكى ھىرقەتى ـ گۇمنامدىن تەسىرلەنگەنمۇ ۋە ياكى ئەمراھتىنمۇ؟ دېگەن نازۇك مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئەمراھنىڭ شېئىرى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىنى، ئەڭ مۇھىمى گومنامنىڭ شېئىرى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مەزكۇر شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا، ئۆتكۈرنىڭ كىمدىن ئۈلگە ئالغىنى ۋە كىمنى تەقلىد قىلغىنى «مانا مەن !» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇنلۇق جەھەتتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ھەرقەتى ـ گومنامدىن ئۈلگە ئالغانلىقى ۋە ئۇنى ئەينەن تەقلىد قىلغانلىقى ئېنىق بولدى. چۈنكى، ئەينى

چاغدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈرك زىيالىيلار ئارىسىدا 1980 - يىللىرىدىن بۇرۇن ھېچبىر ئالاقە بولۇپ باقمىغان. ئەمما، گومنامنىڭ داستانى 1957 - يىلى تۇنجى قېتىم، 1982 - يىلى 2 - قېتىم نەشىر قىلىنىپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇكەممەل ساقلانغان ئىدى. ئەمما، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داڭلىق تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇش ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق پاكىت يوق. شۇڭا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئىلاھىيەت پېشۋاسى گومنام - ھىرقەتىدىن ئىلھام ئېلىشى ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىشى ئۆمرىدە نامىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان يۇقىرىقى تۈرك شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبلىرىدىن ئىلھام ئېلىشىغا قارىغاندا مەنتىقىگە ئەڭ ئۇيغۇن. ئۇيغۇر ۋە تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆز ئارا تونۇشۇش ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى ئالماشتۇرۇش دەۋرىنىڭ 1980 - يىللاردىن كېيىن باشلانغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقى ۋە چىنلىقى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ.

گومنامدىن قالغان يادىكارلار ئىچىدە يەنە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ سىزما سۈرىتى بار بولۇپ، بۇ تەۋەررۈك سىزما رەسىم كېيىنچە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا تايانچلىق ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. ھەتتا، يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ پىكرىنى ياقىلىغۇچىلار غازى ئەمەت سىزغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پورترېتىنى «چىنلىقتىن يىراق ۋە ياسالمىلىق ھالىتى ئېغىر» دەپ قاراپ، نەۋائىيغا دەۋر جەھەتتىن يېقىنراق بولغان گومنامنىڭ رەسىمىنى شۇ پېتى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. چۈنكى، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق غازى ئەمەت سىزغان مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتىنىمۇ قوبۇپ قىلمىغان ئىدى. دەرۋەقە، ئۆزبېك ئالىملىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھازىرقى پورترېتىنى گومنامنىڭ رەسىمى ئاساسىدا ياراتقان. غازى ئەمەت سىزغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پورترېتى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنمىغان.

ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللار شائىر ھىرقەتى - گومنامنىڭ ھاياتىنى ئەنە شۇنچىلىك يورۇتۇپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، بىزنى يەنىلا ئۇلۇغ شائىر ھەققىدە قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارغا ۋە تولىمۇ مۇھىم ساۋاتلارغا ئىگە قىلىدۇ.

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر



(2023 -يىلى 10– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 10 – ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەرلەر

(2023-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن، 2023-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە)

## ۋېنگىرىيەنىڭ جازا يۈرگۈزۈلگەن خىتاي ئەمەلدارىنى كۈتۈۋالغانلىقى ئامېرىكا ئەلچىسى تەرىپىدىن ئەيىبلەندى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 25-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ ئايدا ۋېنگىرىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىگە چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جازا يۈرگۈزۈلگەن ئەركىن تۈنىيازمۇ بار ئىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكى 4-سېنتەبىردىن 6-سېنتەبىرگىچە ۋېنگىرىيەنى زىيارەت قىلغان ۋە بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى تەكىتلىگەن.

ئامېرىكىنىڭ ۋېنگىرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دېيۋىد پرېسمەن ئۆزىنىڭ تۋىتېر ھېسابى ئارقىلىق ۋېنگىرىيەنىڭ جازا يۈرگۈزۈلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈۋېلىش قارارىنى؛ شۇنداقلا ۋېنگىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ۋە رۇسىيە بىلەن يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

ئۇ تۋىتېر يوللانمىسىدا بىر نەپەر ۋېنگىرىيە ئەمەلدارىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قاتناشقان (ۋە شۇ سەۋەبلىك جازا يۈرگۈزۈلگەن) ئەركىن تۈنىيازنى بۇداپېشتتا كۈتۈۋالغانلىقى»نى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەركىن تۈنىيازنىڭ ۋېنگىرىيە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىنىستىرى مارتون ناگىي بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى ئېلان قىلغان.

## خىتاي كومپارتىيەسى پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 26-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 17-سېنتەبىر مەملىكەتلىك نازارەتچىلىك كومىتېتىنىڭ رەسمىي ئۇندىدار ھېساباتىدا ئېلان قىلىنغان باياناتىدا مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن: ناھايىتى ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە

كادىرلار سەككىز سائەت خىزمەت ۋاقتىنىڭ سىرتىدا، «ئايرىم شايكا توپلاپ، ئۆزگە ھامىي ئىزدىگەن؛ قەرت-قىمارغا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارغا بېرىلىپ، ئىسراپخورلۇق بىلەن يەپ-ئىچكەن. شاراپخورلۇق ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلغان. مەس ھالەتتە ماشىنا ھەيدىگەن. ھەتتا، پارا ئېلىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان.»

بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي كومپارتىيەسى ئالدىنقى ھەپتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ چوقۇم قاتتىق نازارەت قىلىنىشى ۋە «سەككىز سائەت خىزمەت ۋاقتىنىڭ سىرتىدىمۇ نازارەت قىلىنىشى» كېرەكلىكىنى، ئۆزىنىڭ «چىرىكلىككە قارشى بەش يىللىق پىلان»نى يولغا قويغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن.

بۇنىڭغا قارىتا تەھلىلچىلەر مۇنداق دېگەن: خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە جار سېلىۋاتقىنىغا ئون يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما چىرىكلىك يەنىلا تۈگىمىدى. ھەتتا، بۇ مۇشۇ تەرزدە داۋاملاشسا، شى جىنپىڭنىڭ نوپۇزىغا بىۋاستە خىرىس شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشى خىتايدىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەت داۋالغۇۋاتقان پەيتكە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىكى خەۋپ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن.

9-ئايدىن باشلاپ، خىتايدىكى نۇرغۇن جايلار پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن تۈرلۈك «سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدىمۇ نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى» نى يولغا قويۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىمەكتە.

## ئامېرىكا خىتاينىڭ راھىلە داۋۇتقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 29-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا شۇ كۈنى خىتاينىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچى راھىلە داۋۇتقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مەسىيۇ مىلېر بۇ ھەقتىكى باياناتتا مۇنداق دېگەن: «بىز خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ پروفېسسور راھىلە داۋۇتنى مەخپىي سوتلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەرگەنلىكىنى ئەيىبلەيمىز.»

«دىيالوگ فوندى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، راھىلە داۋۇت 2016-يىلىدىن باشلاپ خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، قولغا ئېلىنغان ياكى تۈرمىگە تاشلانغان 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرىدۇر.

راھىلە داۋۇت ئىلگىرى غەربتىكى خارۋارد ۋە كەمبرىج قاتارلىق بىر قانچىلىغان داڭلىق ئورگانلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇپ، بۇ ئورگانلار ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

## خىتاينىڭ تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك سۇ ئۈستى پويىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

«CNN» تورىنىڭ 29-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول تورى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، 28-سېنتەبىر فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ جاڭجوۇ، شيامېن ۋە فۇجوۋ شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان 277 كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يولى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

«خىتاي تۆمۈر يول باش شىركىتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ لىنىيەدىكى پويىزلارنىڭ سائەتلىك تېزلىكى 350 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن.

يېڭى تۆمۈر يول لىنىيەسىدە ھازىر 84 كۆۋرۈك ۋە 29 تونېل بار، ئۇنىڭدىن باشقا يىگىرمە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز ئۈستى تۆمۈر يولى بار بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ تۇنجى سۇ ئۈستى «ئوقبېشى پويىزى» (子弹头列车) ئىكەن.

## ياپونىيەدە خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

«ياپونىيە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 1-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 74 يىل بولغان بۇ كۈندە، تىبەتلەرنى، ئۇيغۇرلارنى، ئىچكى موڭغۇلىيەلىكلەرنى، خوڭكوڭلۇقلارنى ۋە تەيۋەننى قوللايدىغان تەشكىلاتلار بىر يەرگە جەم بولۇپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەيىبلەپ، خىتايدىن كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

نامايىش ئىشتىراكچىلىرىدىن، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان خوڭكوڭلۇق بىر ستۇدېنت خىتاينىڭ ياپونىيەدىكى ساقچىخانىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشكەنلىكىنى، ئەمما خوڭكوڭلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، داۋاملىق كۈرەش قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ۋە باشقا بىر قىسىم خوڭكوڭلۇقلارنىڭ خىتاينىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كىملىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ماسكا ۋە كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ: «بىز ھازىر خوڭكوڭدا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيمىز، ئەمما بىز داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز، شۇڭا ھېلىھەم خوڭكوڭدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

### ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى

«pbs» تورىنىڭ 4-ئۆكتەبىردىكى ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق پۈتكۈل جاھانغا مەلۇم بولغان بولغىنى بىلەن، خىتاي ئۆزىنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرىنى پەردازلاشتىن ھېلىھەم ۋاز كەچمىگەن.

مەسىلەن، 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، 17 دۆلەتتىن كەلگەن 22 مۇخبىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى قايناق بازارلارنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئاھالىلەر بىلەن خورما ۋە تاۋۇز ھەققىدە پاراڭلاشقان. ئاندىن ئۇلار خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ ئۆزلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ رايوننى «كۈلتۈرەل، دىنىي ۋە مىللىي كۆپ خىللىققا تولغان» دەپ تەسۋىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى «يالغان-ياۋىداق سۆزلەر» دەپ ئەيىبلىگەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە كۆرە، بۇ زىيارەت خىتاينىڭ خەلقئارانىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى قايتا شەكىللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ مىساللىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتاي بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى نەچچە مىليارد دوللار خەجلەيدۇ.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئالدىنقى ھەپتە ئېلان قىلغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر دوكلاتتا خىتاينىڭ ساختا ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە پايدىسىز باياناتلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، مەزمۇن سېتىۋېلىش، ساختا پېرسوناژ يارىتىش قاتارلىق جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈرۈش تاكتىكىسى ۋە تېخنىكىلىرى كۆرسىتىلگەن.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ تاشقى تەشۋىقاتقا ۋە ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەسئۇل ئاپپاراتى بولمىش «يەرشارىۋى ئالاقە مەركىزى» بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان 58 بەتلىك دوكلاتىدا خىتاينىڭ ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرىدا دۇنيا مىقياسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە ۋە ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرى جېيمى رۇبىن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچۇر سۇيىئىستېمالى كونترول قىلىنمىسا، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا خىتاينى تەنقىد قىلىدىغان پىكىرلەرنى بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى؛ شۇنداقلا يەرشارىۋى ئۇچۇر ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكانىڭ، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ۋە شېرىكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن. بىز بۇ دۇنيادا ئورۇۋېلچە پاكىت بىلەن توقۇلمىنىڭ ئارىلاشمىسىنى كۆرۈشنى خالىمايمىز. بۇ ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تايىنىۋاتقان تەرتىپنى ۋەيران قىلىدۇ.»

ھالبۇكى، خىتاي نومۇس قىلماستىن بۇ دوكلاتنى «پاكىت ۋە ھەقىقەتنى بۇرمىلىغانلىقتىن، ساختا ئۇچۇر تارقىتىشنىڭ دەل ئۆزى» دەپ ئەيىبلىگەن.

## خىتاي بىلەن پاكىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كۆرۈشتى

تۈركىيەدىكى «ئانادولۇ ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 5-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن پاكىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى جەلىل ئابباس جىلانى شۇ كۈنى تىبەتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق «ھىمالايادىن ھالقىغان خەلقئارا ھەمكارلىق مۇنبىرى»دە كۆرۈشۈپ، مىليارد دوللارلىق «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» (CPEC) قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان.

ئېگىلىنىشچە، شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى خىتاي «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ تەركىبىدىكى ئېنېرگىيە، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ساھەلەردە پاكىستان بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كېڭەيتكىلى ئۇنىمىغان.

ھالبۇكى، بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن كېيىنكى بايانات مۇنداق دېيىلگەن: ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» ھەققىدىكى ۋەدىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق ھەمكارلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن.

«Express Tribune» دېگەن يەرلىك گېزىت «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ 11-نۆۋەتلىك بىرلەشمە ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ يىغىن خاتىرىسىدىن ئالغان نەقىلدە، پاكىستان «خىتاي كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قاتار تەلەپلەرنى ھەل قىلىشقا قوشۇلدى» دېيىلگەن. يەنى خىتاي ئۆزىنىڭ پاكىستان بىلەن بەزى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق پاكىستاننى ئۆزىنىڭ شەرتلىرىگە كۆندۈرگەن.

## بايدېن 11-ئايدا شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 6-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ 5-ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كېلەر ئاي سان فىرانسىسكودا ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈشۈشنى پىلانلىماقتا ئىكەن.

خەۋەردە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ سۆزى نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، شۇلاردىن بىرى بايدېن بىلەن شى جىنپىڭنىڭ كۆرۈشۈش ئېھتىماللىقى «تولىمۇ يۇقىرى، بىز ھازىر كۆرۈشۈش پىلانىنى باشلاۋاتىمىز» دېگەن.

خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسى «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە كونكرېت ئىنكاس قايتۇرمىغان. ئەكسىچە، ئەلچىخانا باياناتچىسى ئېلخەت ئارقىلىق يوللانغان باياناتتا: «ئىككى دۆلەت ئالاقىنى داۋاملاشتۇرماقتا، <سەمىمىي> ھەمكارلىق كېڭەيتىلىشى كېرەك» دېگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھازىرچە بۇ خەۋەرگە ئىنكاس قايتۇرمىغان.

بايدېن بىلەن شى جىنپىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2022-يىلى نويابىردا ھىندونېزىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنىدا كۆرۈشكەن، بۇ بايدېننىڭ پرېزدېنت بولغاندىن كېيىن شى جىنپىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشى ئىدى. بايدېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ تېلېفون ۋە ۋىدىيو يىغىنى ئارقىلىق بەش قېتىم كۆرۈشكەن.

خىتاينىڭ ئالىي بىخەتەرلىك ئاپپاراتى ئالدىنقى ئايدا شى جىنپىڭ بىلەن بايدېن ئوتتۇرىسىدىكى ھەر قانداق ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ «يېتەرلىك سەمىمىيەت» كۆرسىتىشى زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرگەن.

بۇ يىل 11-ئايدا سان فرانسىسكودا «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق باشلىقلار يىغىنى» (APEC) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، شى جىنپىڭمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىششى مۇمكىن.

## خىتاينىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 7-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل 9-ئايدا خىتاينىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنىڭ قىممىتى 3 تىرىليون 150 مىليارد دوللارغا چۈشۈپ قالغان.

7-ئۆكتەبىردىكى رەسمىي سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، دوللارنىڭ باشقا ئاساسلىق پۇللارغا بولغان پېرېۋوت نىسبىتى ئۆرلىگەنلىكتىن، خىتاينىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى مۆلچەردىكىدىن خېلى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتكەن.

دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ تاشقى پېرېۋوت زاپىسىغا ئىگە دۆلەت بولمىش خىتاينىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئالدىنقى ئايدا 45 مىليارد دوللار تۆۋەنلەپ، 3 تىرىليون 115 مىليارد دوللارغا چۈشۈپ قالغان. ھالبۇكى، رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ئالاقىدار راي سىنىقىدا، تەھلىلچىلەر بۇ مىقدارنىڭ ئاۋغۇستتىكى 3 تىرىليون 160 مىليارد دوللاردىن 3 تىرىليون 130 مىليارد دوللارغا چۈشۈشىنى مۆلچەرلىگەنىدى.

9-ئايدا، خىتاي پۇلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان پېرېۋوت نىسبىتى 0.5 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ باشقا ئاساسلىق پۇللارغا بولغان پېرېۋوت نىسبىتى بولسا 0.2 پىرسەنت ئاشقان.

خىتاينىڭ ئالتۇن زاپىسىنىڭ قىممىتى 8-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى 135 مىليارد 220 مىليون دوللاردىن 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا 131 مىليارد 790 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قالغان.

## ئاسىيا ئەللىرى يېقىندىن ئەۋجىگە چىققان ئىسرائىلىيە-پەلەستىن توقۇنۇشى ھەققىدىكى تۇتۇمىنى بىلدۈرۈشتى

«NikkeiAsia» تورىنىڭ 8-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خاماسنىڭ 7-ئۆكتەبىر ئىسرائىلىيەگە قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدە ئاھاڭى ۋە مەزمۇنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئىنكاسلارنى قوزغىغان.

رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا كۈچلۈك پراگماتىزملىق تۇتۇم ئىزھار قىلىپ، بىتەرەپ تۇرۇپ كەلگەن ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا مودى X (ئەسلىدىكى تۋىتېر)دىكى يازمىسىدا مۇنداق دېگەن: «بىز ئىسرائىلىيەگە قىلىنغان تېرورلۇق ھۇجۇمى توغرىسىدىكى خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق. ئوي-خىيالىمىز ۋە دۇئالىرىمىز بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىرگىدۇر.»

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 8-ئۆكتەبىر خىتاينىڭ بۇ ۋەقەدىن «قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى»نى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئالاقىدار تەرەپلەرنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، دۈشمەنلىشىشنى دەرھال توختىتىشقا، پۇقرالارنى قوغداشقا ۋە ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا» چاقىرغان.

سىنگاپور تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ 7-ئۆكتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ، سىنگاپور «غەززەدىن ئىسرائىلىيەگە قىلىنغان راكېتا ھۇجۇمى ۋە تېرورلۇق ھۇجۇملىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ» دېگەن.

تايلاندنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى جاككاپوڭ ساڭمانى تۋىتېردا ئۆزىنىڭ «بىگۇناھ كىشلەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان بۇ قارىقويۇق ھۇجۇمنى ئەيىبلەيدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن.

نېپال تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ «ئىسرائىلىيە بىلەن ھەمنەپەس» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 14 نېپال پۇقراسى ئىشلەۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «توققۇز نېپاللىق يارىلانغان، ئىككىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر» دېگەن.

ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ «خاماس ۋە باشقا پەلەستىن قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىسرائىلىيەگە كۆپ قېتىم راكېتا ئاتقانلىقىنى ۋە غەززە رايونىدىن ئىسرائىلىيە زېمىنىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى» بىلدۈرگەن.

ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقدىشى كورىيەمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، غەززەدىن ئىسرائىلىيەگە قارىتىلغان «قارىقويۇق» ھۇجۇملارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

بەزى تەھلىلچىلەر دۇنيا مىقياسىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك تۇتۇملىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇنداق دەپ قاراشقان: «خاماسنىڭ بۇ قېتىملىق ھۇجۇمنى ياپونىيەنىڭ ھاۋايغا قىلغان <پېئارىل خاربور ھۇجۇمى>غا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. دۇنيادا داڭقى بار ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئاپپاراتىنىڭ خاماسنىڭ ھۇجۇمىدىن تامامەن بىخەۋەر قېلىشى مۇمكىن ئەمەس؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، خاماسنىڭ بۇ قېتىملىق ھۇجۇمى ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىنگە تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىشى، ھەتتا پەلەستىن زېمىنلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بېسىۋېلىشى ئۈچۈن باھانە بولۇپ قالىدۇ.»

## ئۇيغۇرلار بېلىقچىلىق ساھەسىدە مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىنماقتا

تەتقىقاتچى ئىئان ئۇربىنا 9-ئۆكتەبىر «نيۇيوركلۇقلار» تورىدا «ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ بېلىقلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە مەجبۇرلانماقتا» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۆز ماقالىسىدە خىتاينىڭ «ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى يۇقسەلدۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش» باھانىسىدە ئۇيغۇرلارنى تۈركۈملەپ خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەۋاتقانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ يوشۇرۇن تەرزدە مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەخمىنەن سەكسەن پىرسەنتىنى ئىمپورت قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىمپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچىدە خىتايدىن كېلىدىغان ماللار ئەڭ كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن. 2017-يىلىغا قەدەر، ئامېرىكا ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە تەمىنلەنگەن بېلىق قەلەمچىلىرى (fish sticks) ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بېلىقلارنىڭ يېرىمى خىتايدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ بېلىق مەھسۇلاتلىرى بېلىقچىلىق كېمىلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى ۋە ئېكسپورت قىلغۇچىلار ئارىسىدا كۆپ قېتىم قولدىن قولغا ئۆتكەچكە، بۇلارنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش تەسكە توختىغان. جۈملىدىن، خىتاينىڭ شەندوڭ ئۆلكىسى خىتايدىكى ئاساسلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش مەركىزى بولۇپ، 2018-يىلىدىن باشلاپ، كەم دېگەندە مىڭ ئۇيغۇر شەندوڭدىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا يۆتكەلگەن.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «ئۇيغۇر مەجبۇريي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇريي ئەمگەكنى تۈگىتىش جەھەتتىمۇ ھېچقانچە رول ئوينىيالمايۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي

ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىلىشىدىن تېخىمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىكەن.

## راھىلە داۋۇت بۇ يىللىق «خەلقئارالىق جەسۇر يازغۇچى» بولۇپ باھالاندى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 11-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى (English PEN) خەلقئاراغا تونۇلغان ئۇيغۇر فولكلورشۇناس، پروفېسسور راھىلە داۋۇتنى 2023-يىللىق «خەلقئارالىق جەسۇر يازغۇچى»لىققا تاللىغان.

راھىلە داۋۇت ئەنگلىيەلىك داڭلىق بالىلار يازغۇچىسى، ئەنگلىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ 2023-يىللىق «پىنتېر مۇكاپاتى» ساھىبى مايكېل روزېن تەرىپىدىن «خەلقئارالىق جەسۇر يازغۇچى»لىققا تاللانغان بولۇپ، مەزكۇر مۇكاپات نامزاتلىرى تىزىملىكىگە كىرگەنلەر ئاساسەن ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماستىن، پىكىر ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان يازغۇچىلار ئىكەن.

راھىلە داۋۇت ئەنگلىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت نىشانى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۈرمىگە سولانغان ۋە خەتەرگە دۇچ كەلگەن يازغۇچىلارنى قوللاش ئىكەن.

## بولىۋىيە خىتاينىڭ جىنايىتىگە شېرىك بولماقتا

«دىپلومات» تورىنىڭ 11-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ قېزىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان لىتىي زاپىسىغا ئىگە دۆلەت بولىۋىيە بولۇپ، بۇ يەردە جەمئىي 21 مىليون توننا لىتىي زاپىسى بار. ھالبۇكى، بۇ دۆلەت خىتاي بىلەن لىتىي كانلىرى ئېچىش جەھەتتە كېلىشىم ئىمزالاشقان بولۇپ، ھازىر پوتوسى ئۆلكىسىدىكى ئۇيۇنى (Uyuni) تۇز ئۇچاستكىسىنى (Salt Flat) ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ چوڭ لىتىي كېنىنىڭ ئېچىش ھوقۇقى خىتاينىڭ قولىدا ئىكەن.

ۋەھالەنكى، خىتاينىڭ لىتىينى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان ھەمدە بۇ يەردىكى لىتىي زاۋۇتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولغاچقا، بۇ كېلىشىم ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

خىتاينىڭ «نىڭدې دەۋر يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» (宁德时代新能源科技股份有限公司) لىتىي ئىئونلۇق باتارىيە ياساش جەھەتتە دۇنيادىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ، ئۇ بولۇيىيە-خىتاي ئارىسىدا ئىمزالانغان لىتىي قېزىش كېلىشىمىنىڭ خىتايغا تەۋە 1 مىليارد 400 مىليون دوللارلىق ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 66 پىرسەنت پېيىغا ئىگە ئىكەن.

خىتاي بىلەن بولىۋىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، «نىڭدې دەۋر يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نىڭ بالا شىركىتى بولغان «جىتې يېڭى ماتېرىياللار شىركىتى» شەرقىي تۈركىستاندىكى لىتىي كېنىنىڭ ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. كانادا ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان دوكلاتقا كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل كانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. شۇ ۋەجىدىن، بولىۋىيەنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ، خىتاي بىلەن بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىشىشى تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا سەۋەب بولىدىكەن.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ يادرو تەھدىتىگە تەييارلىق كۆرۈشكە ئۈندەلدى

«Time» ژۇرنىلىنىڭ 12-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بىرلىكتە تەييارلىغان بىر پارچە دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئۆزلىرىنىڭ يادرو قورال ئامبىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا تۈنجى قېتىم يادرو قورالىغا ئىگە ئىككى رەقىبكە تەڭ دۇچ كېلىش مۇمكىنچىلىكىگە تولۇق تەييارلىنىپ بولالمىغان. دوكلاتتا رۇسىيە بىلەن خىتايدىن كېلىدىغان يادرو تەھدىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ يادرو قورال ئامبىرىنى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تۇتۇمىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشى تەلەپ قىلىنغان.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ئامېرىكا رەھبەرلىرى دەرھال قارار چىقارمىسا، بۇ ئامېرىكا تېخىمۇ تەييارلىنىپ بولالمىغان، ھايات-ماماتلىق خىرىس بولۇپ قالىدۇ.»

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى روگېر ۋىكېر مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن:

«دوكلاتتىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارمىيەمىزنىڭ، بولۇپمۇ يادرو كۈچىمىزنىڭ يادرو قورالىغا ئىگە ئىككى دۈشمەننى بىرلا ۋاقىتتا توسۇپ قالالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بار.»

## خىتاي ئىسرائىلىيە-خاماس توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكانىڭ نوپۇزىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 13-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى ئىسرائىلىيە بىلەن خاماس ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش خۇسۇسىدا ئامېرىكانى قاتتىق ئەيىبلەپ، «ۋاشىنگتوننىڭ ئىسرائىلىيەنى بىر تەرەپلىمە قوللىشى بۇ رايوندىكى جىددىيلىكنى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كرىزىسنى كۈچەيتىۋاتىدۇ» دېگەن.

خىتاينىڭ «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» 12-ئۆكتەبىر بىر نەپەر خىتاي مۇتەخەسسىسنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ۋاشىنگتون ھەقىقەتەن كرىزىسنى ھەل قىلماقچى بولسا، ئوتتۇرا شەرقكە ئۇرۇش پاراخوتى ئەۋەتىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ شىجائىتىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئورنىغا، ئىككى تەرەپنى تەڭ ئولتۇرغۇزۇپ سۆھبەتلىشىشى كېرەك ئىدى.»

2004~2005-يىللىرى جورج دابلىيۇ بۇش ھۆكۈمىتىدە دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭەشىنىڭ مۇدىرى بولغان دەنىس ۋىلدېر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئېچىنىشلىق يېرى، خىتاي بۇ كرىزىستىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەنى قوللىغانلىقى، ئىسرائىلىيەنىڭ بولسا پەلەستىن خەلقىنى ئۆز دۆلىتىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ھەققىدە ھەدەپ داۋراڭ سالماقتا.»

رايس ئۇنىۋېرسىتېتى بېيكېر ئاممىۋى سىياسەت تەتقىقاتخانىسىنىڭ مۇدىرى دېيۋىد سەتېرفىلد مۇنداق دېگەن: «خىتاي ھەرۋاقىت پۇرسەتپەرەستتۇر. ئۇ ئۆزىنى خەلقئارادا نوپۇزلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن سورۇن، ئورۇن ۋە پۇرسەت ئىزدەپلا يۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ جەنۇب ئەللىرىنىڭ (Global South) ئىتتىپاقدىشى، شېرىكى ۋە دوستى دەپ قارىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»

### ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندەلدى

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات 25-ئۆكتەبىر «دىپلومات» تورىدا «ئانتونىيو گۇتېرېس ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، 18-ئۆكتەبىر ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى 51 دۆلەت ب د ت دا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سادىر قىلىنىغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىگەن بولسا، ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېس دەل شۇ كۈنى بېيجىڭدا شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى «تارىخىي پۇرسەت» دەپ تەرىپلەپ، خىتاينىڭ قارا نىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇغان.

بۇنىڭدىن سىرت، گۇتېرېس يېقىندا ئىسرائىلىيە بىلەن خاماس ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ سەۋەبسىز پارتلىمىغانلىقىنى، ئىسرائىلىيەنىڭ بۇ جەھەتتە ئېغىر مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئەيىبلىگەن بولسمۇ، تا ھازىرغىچە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى لايىقىدا ئەيىبلەپ باقمىغان بولۇپ، ئۆمەر قانات ئەپەندى ماقالىسىدە بۇ خىل ئىككى يۈزلىمىچىلىكنى تەكرار تەنقىدلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇتېرېسنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى كونكرېت تەدبىر قوللىنىشقا ئۈندىگەن.

### ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى تەرەپبازلىق ئەۋجىگە چىقتى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 26-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيا مىقياسىدا غەززەدىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىنسانىي كرىزىس ۋە ئېشىۋاتقان ئۆلۈم-يېتىم سانىغا بولغان نارازىلىق سادالىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا 24-ئۆكتەبىر ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئۇرۇشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش ئارقىلىق ئىنسانىي ياردەملەرنىڭ غەززەگە كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش، غەززەدىكى خاماس ۋە باشقا قوراللىق تەشكىلاتلارغا قورال-ياراغ بەرمەسلىك توغرىسىدا بىر تەكلىپ لايىھەسىنى سۇنغان بولۇپ، رۇسىيە بىلەن خىتاي 25-ئۆكتەبىر بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى ئون دۆلەت ئامېرىكانىڭ بۇ تەكلىپىگە ئاۋاز قوشقان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئېتىراز بىلدۈرگەن، برازىلىيە بىلەن موزامبىك ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كەچكەن.

ئاندىن، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە، رۇسىيە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىنسانىي ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرىق قىلغان، ئىسرائىلىيەنى غەززە خەلقىنى رايوننىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىش چاقىرىقىنى بىكار قىلىشقا ئۈندىگەن تەكلىپ ئاۋازغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ تەكلىپكە ئاران تۆت دۆلەت ئاۋاز قوشقان. ھالبۇكى، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە بىر قارارنىڭ ماقۇللىنىشى ئۈچۈن، كەم دېگەندە توققۇز دۆلەت شۇ تەكلىپكە ئاۋاز قوشۇشى ھەمدە ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە خىتايدىن ئىبارەت بەش دائىمىي ئەزا دۆلەتنىڭ ھېچبىرى رەت قىلماسلىقى شەرت.

## ئامېرىكا پالاتا ئەزاسى ھۆكۈمەتنى خىتاي بىلەن مۇرەسسەلەشمەسلىككە ئۈندىدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 26-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى جەھەتتىكى نوپۇزلۇق پارلامېنت ئەزالىرىدىن بىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان مايك گالاگېر «ئامېرىكا ئاۋازى» خىتايچە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ھازىرقىدەك خىتايغا يول قويۇۋېرىشنىڭ خىتاينىڭ خورىكىنىڭ تېخىمۇ بەك ئۆسۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئالدىمىزدىكى ھەپتە خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە، تەيۋەننى قوغداش، زەھەرلىك ماددا ئەتكەسچىلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئاساسىي تېما قىلىشقا ئۈندىگەن.

گالاگېر ئاۋام پالاتاسىنىڭ «ئامېرىكا بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت ئالاھىدە كومىتېتى»نىڭ رەئىسى بولۇپ، سۆزلىرىنىڭ ئىخچام ۋە ئېنىقلىقى بىلەن تونۇلغان.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شى جىنپىڭ تەكرار ھالدا تەيۋەننى قورال كۈچى ئارقىلىق يۇتۇۋېلىشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇڭا ئامېرىكا ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن، خىتاي چۆچۈگۈدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ بەدىلى تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بىز بۇنداق ئىش يۈز بېرىشىنى خالىمايمىز. ئەمما، بىز خىتايغا ‹تەيۋەنگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىققا قاراپ تۇرمايمىز› دېگەن تۇتۇم جەھەتتە كۈچلۈك سىگنال بېرىشىمىز لازىم. بىز تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. شۇنداقلا، بىز ھىندى-تىنچ ئوكيانىدىكى مەنپەئەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىمىز.»

## ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق خىتاي شىركىتىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى

«nationalreview» تورىنىڭ 26-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمەتنى «فۇفېڭ گۇرۇھى» دېگەن خىتاي شىركىتىنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلىرىغا زەربە بېرىشكە چاقىرىق قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ شىركەتنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش پروگراممىسىغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىر قانچە نەپەر پارلامېنت ئەزاسى شۇ كۈنى دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بلىنكېن بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئالېژاندرو مايوركاسقا يازغان مەكتۇپىدا، بايدېن ھۆكۈمىتىنى مەزكۇر شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا زەربە بېرىشكە ئۈندىگەن.

فۇفېڭ گۇرۇھى خىتايدىكى تاماق خۇرۇچلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئامىنو كىسلاتاسى ۋە كىنانتان يېلىمى ئىشلەپچىقىرىدىغان 1800 نەپەر ئىشچىسى بار. بۇ شىركەتنىڭ بالا شىركەتلىرىدىن بىرى ئامېرىكانىڭ شىمالىي داكوتا شىتاتىدىكى گرەند فوركس ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ يېنىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقتىن، ئامېرىكادا سېسىق نامى پۇر كەتكەن بولۇپ، مەزكۇر سودا «ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن» دېگەن سەۋەب بىلەن بۇ يىل توختىتىۋېتىلگەن.

## خىتاي تەيۋەننى ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، تەھدىت سېلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن

«taiwannews» تورىنىڭ 28-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ سابىق ئىستراتېگىيەچىسى، چەتئەل سىياسىتى مۇتەخەسسىسى روبېرت مەنىڭنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي تەيۋەننى تىزگىنلەش ئۈچۈن قوراللىق توقۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى زورلىۋانلىقتىن خالىي مېتودنى تاللىشى مۇمكىن ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئامېرىكا بىلەن بولغۇسى قوراللىق توقۇنۇشنىڭ خەۋپى زىيادە يۇقىرى بولۇپ، ئەگەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەيۋەننى ئوڭۇشلۇق ئىشغال قىلالمىغان تەقدىردە، بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

شۇڭا، مەنىڭغا كۆرە، خىتاي تەيۋەننىڭ تېلېگراف ۋە سۇ تەمىناتى تورى قاتارلىق ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە قارىتا خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىشى؛ خىتايدا ياشاۋاتقان 300 مىڭ تەيۋەن پۇقراسىغا تەھدىت سېلىشى؛ تەيۋەندىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا تۇيۇقسىز چەكلىمە قويۇشى ھەمدە مۇشۇ خىل تاكتىكىلار ئارقىلىق تەيۋەننى ھالسىرىتىپ، تەسلىم بولۇشقا قىستىشى مۇمكىن ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## جۇلىيا بروۋنلېي

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇلتىيىدىكى ئاۋازى، ئۇيغۇر سىياستى قانۇنىنىڭ دەستەكدېشى، ھۆرمەتلىك جۇلىيا بروۋنلېي خانىم



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

هاياتىمىزدىكى خاپىلىقلارنىڭ يېرىمى بىزنىڭ بەك ئىتتىك ماقۇل دەۋەتكەنلىكىمىز ۋە بالدۇرراق ياق دېمىگەنلىكىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. -جوش بىللىڭس